مەجبۇرىي مائارىپ دەرسلىكى

# تىل - ئەدەبىيات

(سىناق نۇسخا)

5 - يىللىق 2 - قىسىم



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

| | | | |
|---|---|---|---|
| 主　　编: | 阿扎提·苏里坦 | ئازات سۇلتان | باش تۈزگۈچى: |
| 副 主 编: | 马德元 | ما دېيۇەن | مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: |
| 责任编写: | 乌斯曼·斯马义 | ئوسمان ئىسمايىل تارىم | مەسئۇل تۈزگۈچى: |
| 编　　写: | 玛依拜达尔·马合木提 | ماھىبەدەر ماخمۇت | تۈزگۈچىلەر: |
| | 帕尔哈提·伊力亚斯 | پەرھات ئىلياس | |
| | 热米拉·吐尔逊 | رامىلە تۇرسۇن | |
| | 阿依古丽·吐尔逊 | ئايگۈل تۇرسۇن | |
| 编　　辑: | 西尔艾力·马木提 | شىرئەلى ماموت | مۇھەررىرى: |
| 责任编辑: | 帕尔哈提·伊力亚斯 | پەرھات ئىلياس | مەسئۇل مۇھەررىرى: |
| 责任校对: | 克尤木·吐尔逊 | قەييۇم تۇرسۇن | مەسئۇل كوررېكتورى: |
| 封面版式设计:<br>美术编辑: | 阿不都热合曼·阿不力孜 | ئابدۇراخمان ئابلىز | مۇقاۋا، بەت لايىھەلىگۈچى:<br>گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: |

九年义务教育课程标准教科书(试用)

语 文

五年级　下册

经新疆维吾尔自治区中小学教材审定委员会2015年审查通过

(维吾尔文)

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

http://www.xjjycbs.com

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

مايتاغ تيەنلىرېن باسما چەكلىك شىركىتى باستى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى

*

فورماتى: 787 × 1092، 1/16؛ باسما تاۋىقى: 13

2015 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى

2015 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 5370 - 9798 - 7

باھاسى: 13.24 يۈەن



نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.

بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.



ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون: 2863761، 2870654 (0991)

# كىرىش سۆز

بۇ بىر يۈرۈش «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەجبۇرىي مائارىپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى (تەجرىبە نۇسخا)»گە ئاساسەن تۈزۈلدى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىغا سىڭدۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، «ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ تۆھپە قوشۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش»تەك شىنجاڭ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، تىل ـ ئەدەبىياتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە ئېستېتىك ھەۋىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش، ساغلام ئىندىۋىدۇئاللىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتىكى دەۋر تەرەققىياتى كىشىلەردىن دۇنياۋى نەزەرگە، ئېچىۋېتىلگەن روھقا، ئىجادىي تەپەككۇرگە ئىگە بولۇشنى، كىشىلەرنىڭ تىل ـ يېزىقتىن پايدىلىنىش قابىلىيىتى ۋە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا. بۇ ھال تىل ـ ئەدەبىيات مائارىپىنىڭ مەزمۇنىغىمۇ يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىق ۋە ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇش جەھەتلەردە ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭلاشقا مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى، جۈملىدىن باشلانغۇچ مائارىپى باسقۇچىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇغۇچىلارنى ئانا تىل ـ يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىنىۋېلىشقا، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىللە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋە چەت ئەلنىڭ ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلىشى كېرەك. شۇڭا، مەزكۇر دەرسلىكنى

تۈزۈشتە بۇ نۇقتىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىك ھەربىر يىللىقتا ئىككى قىسىمدىن جەمئىي 12 قىسىم قىلىپ لايىھەلەندى. دەرسلىككە ماسلاشتۇرۇلۇپ يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى، ماس قەدەملىك مەشىق، ماس قەدەملىك تەھلىل ۋە باھالاش ھەم يۈرۈشلۈك ئوپتىك دىسكا ئىشلەندى.

سەۋىيەمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكتە يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىشىنى سورايمىز.

— نەشرىياتتىن



# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

### جەلپكار ماكان


1. توغراق ........ 2
*2. تاڭبالى يايلىقى ........ 6
3. يىپەك يولى ........ 9
△4. كۆنەس يايلىقىدىكى يىلقىلار ........ 14
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: بايان جۈملە ........ 17
مەشىق باغچىسى ........ 19


## ئىككىنچى بۆلەك

### بالىلىقتىكى ئۇنتۇلماس كەچمىشلەر


5. ئوقۇپ تۈگەتكۈسىز زور كىتاب ........ 25
*6. بالىلىقتىكى بايقاش ........ 28
7. ئوغۇل بالا ........ 32
△8. بوۋامنىڭ كۆكتاتلىقى ........ 35
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: سوئال جۈملە ........ 38
مەشىق باغچىسى ........ 40


## ئۈچىنچى بۆلەك

### تىل سەنئىتى


9. سۆز ئويۇنلىرى ........ 45
*10. تېلېفون بېرىش ........ 50
11. يېرىم شام ........ 54
△12. يەنزىنىڭ چۈ بەگلىكىگە ئەلچىلىككە بېرىشى ........ 58
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: بۇيرۇق جۈملە ........ 61
مەشىق باغچىسى ........ 63

## تۆتىنچى بۆلەك

### تەسىرلىك ھېكايىلەر


13. ئاتا مېھرى ........................ 68
*14. ئارزۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ........................ 73
15. كۆۋرۈك ........................ 77
△16. خەير - خوش، قەدىردانلار ........................ 80
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئۇندەش جۈملە ........................ 83
مەشىق باغچىسى ........................ 85


## بەشىنچى بۆلەك

### كىلاسسىك ئەسەرلەر


17. ئىككى ھېكايەت ........................ 89
*18. باۋگۇڭنىڭ ئېشەكنى سوتلىشى ........................ 93
19. پاخاللىق كېمىدە يا ئوقى يىغىش ........................ 96
△20. جىڭياڭ داۋنىمدا يولۋاس ئۆلتۈرۈش ........................ 101
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: ئاددىي جۈملە ........................ 107
مەشىق باغچىسى ........................ 109


## ئالتىنچى بۆلەك


ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش: ئۇچۇر دۇنياسىغا سەپەر ........................ 113


## يەتتىنچى بۆلەك

### جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى


21. پېرسوناژلار تەسۋىرى ........................ 134
*22. موزدوز قىز ........................ 137
23. پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى ........................ 140
△24. ئاقلامچى ........................ 144
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى: قوشما جۈملە ........................ 147
مەشىق باغچىسى ........................ 149

## سەككىزىنچى بۆلەك

### دۇنياغا ساياھات


25. باشقىلارنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن گۈل بېقىش ........ 155

*26. پىللار بىلەن ئۇسسۇل ئويناش ........ 158

27. ۋېنتسىيەدىكى قېيىقلار ........ 161

△28. گوللاندىيە تەسىراتلىرى ........ 165

مەشىق باغچىسى ........ 167


## ئوقۇش باغچىسى


1. سۇۋادان ........ 171

2. ئارزۇيۇم ........ 174

3. ئىككى ھېكايە ........ 176

4. ئابىدە ........ 178

5. قىلىچ باتۇر ........ 181

6. كومپيۇتېر ۋە كۆپ خىل ۋاستە ........ 184

7. بىزنىڭ نوچى ........ 186

8. ۋەتەن سۆيگۈسى ........ 190

**سۆزلەرگە ئىزاھات** ........ 192

# جەلپكار ماكان

قارلىق تاغلار، بوستانلىقلار، قۇملۇقلار، توغراقزارلار ۋە يايلاقلار ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يارقىن كارتىنىلىرى. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ خاسىيەتلىك زېمىن قەدىمكى زاماندا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. شىنجاڭ «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنى بولۇپ، «يىپەك يولى» چاڭئەندىن باشلىنىپ، شىنجاڭغا كەلگەندە ئۈچكە بۆلۈنۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز تەشەببۇس قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى يېڭى دەۋردىكى «يىپەك يولى»نى بارلىققا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يۇرتىمىز شىنجاڭ پات يېقىندا يەنە بىر قېتىم شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان يادرولۇق رايونغا ئايلانغۇسى.

بىز بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز، شۇنداقلا 2000 يىل بۇرۇنقى شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەملىكىتىمىز بىلەن ئارساك دۆلىتىنى تۇتاشتۇرغان «يىپەك يولى»نىڭ خاسىيەتلىرىنى بىلىۋالايمىز.

# 1 توغراق

بۇ يىل ماي بايرىمىلىق دەم ئېلىشتا، ئائىلىمىزدىكى تۆتەيلەن چەرچەندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن 1 - ماي ئەتىگەندە كورلىدىن يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. بىز ياپيېشىل لوپنۇر يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ قاقاس چۆلدە ئالاھازەل ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس غۇژمەك - غۇژمەك توغراقلىققا كىردى.

كۆز ئالدىمىزدا بىر ئۈچى ئۇپۇققا تۇتاشقان ياپيېشىل توغراقلىق يېيىلىپ ياتاتتى. توغراقلار ئارىسىدىن زەن قويۇپ قارىغاندا، توغراقلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە گويا قېتىپ قالغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك چەكسىز قۇم بارخانلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بىز ئادەمنى غېرىبسىندۇرىدىغان زېرىكىشلىك قاقاسلىقتىن چىقىپ، يېشىللىققا ئۇلاشقاچقىمىكىن، ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇلاپ كەلگەن قىممەتلىك نەرسىمىزنى كۆرۈۋاتقاندەك، توغراقلارغا ھاياجان بىلەن تويماي قارايتتۇق. توغراق قوۋزاقلىرى خۇددى قاغجىرىغان سېغىزلاردەك چاك - چاك يېرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆككە بوي تارتقان شاخلىرى، غۇچچىدە يوپۇرماقلىرى يېشىل مەشئەلدەك گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئىلگىرى مەن بۇ توغراقلىقتىن كۈزدە ئۆتكەنىدىم. كۈزنىڭ دەسلىپىدە توغراق يوپۇرماقلىرى بارا - بارا قىزغۇچ تۈس ئېلىپ، كۈن نۇرىدا مىس تەڭگىلەردەك پارقىراپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. كەچ كۈزدە بولسا، بارا - بارا سارغىيىپ، ھەل بېرىلگەندەك ساپسېرىق يالتىراپ ئاجايىپ جىلىلىق كۆرۈنەتتى. شامالدا يەرگە تۆكۈلۈشلىرى بولسا، سېخىينىڭ ئېتىكىدىن تۇرۇۋكىلىغان ئالتۇن تىللالاردەك جۇلالىنىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى...

— قاراڭ، دادا، ئاۋۇ توغراققا، — دېدى قىزىم، — ئۆزى قۇرۇپ قاپتۇ. يېنىدىكى غۇلاچ يەتمەيدىغان ئاۋۇ توغراق سۇنۇپ كېتىپتۇ. لېكىن يېنىدىن يېڭى قىرچىنلار كۆكلەپ چىقىپتۇ.

قىزىم كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىسام، قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ، قۇرۇپ قاقشال بولغان قېرى توغراق دۆڭدە يانپاشلاپ يېتىپتۇ. توغراقنىڭ يىلتىزى ئەتراپىدىن ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۆسۈپ چىققان قىرچىنلار

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران.



بولسا مەيىن چۆل شاملىدا بىلەر ـ بىلمەس تەۋرىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا قىزىم يەنە سوراپ قالدى:

ــ توغراق دېگەن ئاجايىپ خاسىيەتلىك دەرەخ ئىكەن ـ ھە، دادا؟

ــ شۇنداق، ــ دېدىم قىزىمغا چۈشەندۈرۈپ، قارىغاندا قىزىم توغراقنى مەھەللىمىزدىكى باشقا دەرەخلەر بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ــ خەلقىمىز ئارىسىدا «توغراق تىك تۇرۇپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل، تۇپىغا كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشايدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا پېشقەدەملەر بىلەن خوشلاشقاندا: «توغراق يېشىدا ياشاڭ» دەيمىز... توغراقتىن «توغرىغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان، توپا رەڭ، قېتىشمىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە چىقىدۇ. كىچىك چېغىمىزدا ئاپام ئۇنى سودا ئورنىدا ئاش ـ تاماققا ئىشلىتەتتى. سودا پەيدا بولغاندىن كېيىن توغرىغۇ ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. توغراقتىن يەنە بىر خىل سۇ چىقىدۇ، تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نۇرغۇن كېسەلگە شىپا بولىدىكەن...

ــ بىركىم سۇغارمىسىمۇ ئۆسۈۋېرەمدۇ، دادا، بۇ توغراقلار؟ ــ قىزىم يەنە سوراشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ نەزىرى يىراقلاردىكى دۆڭلۈكلەردە، يەنە كېلىپ يېنىدا ھېچقانداق سۇ ىىدارى كۆرۈنمەيدىغان جايلاردا مەغرۇر كۆكلەپ تۇرغان توغراقلاردا ئىدى.

ــ شۇنداق، قىزىم، سۇغارمىغان تەقدىردىمۇ ئۆسىۋېرىدۇ، ئەمما يەر ئاستى سۈيى يېتەرلىك بولمىسا بولمايدۇ. 2000 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 11 ـ

ئايغىچە  باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىغا ئۈچ قېتىم سۇ قويۇپ بېرىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن تېتىما كۆلى سۇغا قاندى. تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
1000 مېتىردىن 1600 مېتىرغىچە كەڭلىكتە يەر ئاستى سۈيى ئەسلىگە كېلىش-
كە باشلىدى. ئۇزۇنلۇقى 800 كىلومېتىر، كەڭلىكى 80 كىلومېتىر كېلىدىغان
تارىم يېشىل كارىدورى يېڭىباشتىن شەكىللىنىشكە، قۇرۇپ كەتكەن تارىم بوي-
لىرىنى يېپيېنچا ئۆسۈملۈكلەر قاپلاشقا باشلىدى. نۇرغۇن يېڭى قىرچىنلار ئۆسۈپ
چىقتى. توغراقلارنىڭ يوپۇرماق تاشلاش ۋاقتىمۇ 20 كۈن ئارقىغا سۈرۈلدى.

قۇرۇپ كەتكەن، ئەمما تۈۋىدىن قىرچىنلار غۇچچىدە كۆكلەپ چىققان ھېلى-
قى يوغان توغراق كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى يىللار مابەينىدە
ھالىدىن كېتىپ يىقىلغانىدى. لېكىن قەيسەر يىلتىزلىرى ھاياتىنىڭ ئۈزۈلمەس
مەنبەسى سۈپىتىدە يېڭىدىن - يېڭى قىرچىنلارنى بىخلىتىۋاتاتتى. يەر شارىنىڭ
تىپىك قۇرغاق بۇ ئىقلىمىدا ئەسىرلەردىن بېرى دەھشەتلىك قۇم - بوران ۋە قۇر-
غاقچىلىق ئىچىدە مەغرۇرانە ياشاپ كېلىۋاتقان توغراقلاردا چاقنىغان چىدام ۋە
غۇرۇر ئۆلمەس بىر روھنى ئەسكە سالاتتى. مەن قىزلىرىمغا قارىدىم، ئۇلار نېمى-
لەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.



1. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ، 5 - ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار.
2. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار:

1) دادىنىڭ تونۇشتۇرۇش سۆزلىرىدىن توغراقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ؟ تېكىستتىكى قايسى جۈملىلەردىن دادىنىڭ توغراققا بولغان مۇھەببىتىنى
ھېس قىلىشقا بولىدۇ؟

2) تېكىستنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

3) تېكىستتە مەنىسى چوڭقۇر بەزى جۈملىلەر بار. مەسىلەن، «توغراق تىك تۇرۇپ
مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل، تۇپىغا كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشايدۇ»... تېكىستتىن بۇنداق
جۈملىلەرنى تېپىپ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەم كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

3. يۇرتۇڭلاردا ئۆسىدىغان بىرەر دەرەخ (ئۆسۈملۈك)نىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرنەچچە
جۈملە ئارقىلىق يېزىپ بېقىڭلار. يازغاندا «... نە...، ...، نە...» جۈملە شەكلىنى
قوللانساڭلار بولىدۇ.

### ماتېرىيال خالتىسى

تارىم دەرياسى تەڭرىتاغ تىزمىسىدىن باشلىنىدىغان ئاقسۇ دەرياسى، قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدىغان يەكەن دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ئاخىرىدا تېتىما كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئۇ ئېلىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2137 كىلومېتىر. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا. تارىم دەرياسى تارىختا جەنۇبتىن شىمالغا بىر قانچە قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتكەن. ئاخىرقى قېتىملىقى 1921 - يىلى بولۇپ، غول ئېقىنى كۆنچى دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغان. 1952 - يىلى لوپنۇر ناھىيەسى ئەتراپىغا دامبا ياسىلىپ كۆنچى دەرياسىدىن بۆلۈۋېتىلگەندىن كېيىن تارىم دەرياسى تىكەنلىك قەدىمىي ئېقىنىنى بويلاپ تېتىما كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغان.

### ئوقۇپ باقاي

## يۇلغۇنلۇق جەزىرە



يېشىل يۇلغۇنلارنىڭ چېچىكى ھال رەڭ،
بىر پارچە سايىنى تۇتۇپتۇ يېپىپ.
كىگىز ئۆي ئاقىرىپ تۇرار ئۇزاقتا،
كېلىنچەك ئوت پۈۋلەر چاي قاينىتىپ.
يان - يېقىدا چىمبۇلاقنىڭ سۈيى،
قومۇشلۇق ئارا كېتىدۇ سىرغىپ.
يۈزلەپ تۆگىنىڭ تەشنالىقىغا،
دال بولۇپ قالىدۇ بىر يەردىن چىقىپ.

— بۇغدا ئابدۇللا

يۇقىرىدىكى تېكىستتىن تۇغراقلاردىكى چىدام، غۇرۇر ۋە ئۆلمەس روھنى كۆرۈپ يەتتۇق. تۆۋەندە بىر ئۆسمۈرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ئارقىلىق گۈزەل تاڭبالى يايلىقى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئەسەردىن يايلاق مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن تەسۋىرىي جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىپ بەدىئىي زوق ئالايلى.

## 2* تاڭبالى يايلىقى

نىلقا ناھىيەسىدىن يولغا چىققان قاراكۆك «سانتانا» قاش دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا قارشى ئۇچقاندەك چاپماقتا. ھاۋا شىپشىدەك سۈزۈك. يىراقتىن گىرىمسەن كۆرۈنگەن قارلىق چوققىلار، ئۇلارنىڭ ئاستىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن قارىغايزارلىقلار، تۆۋىنىدە سوزۇلۇپ ياتقان ئېدىرلارغا تەلپۈنۈپ كۆز تىكمەكتىمەن.

بىز «ئايۇۋ ساي» دەپ ئاتىلىدىغان سايىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ تۆپىلىككە چىققاندا، ئارقا رەتتە ئولتۇرغان كىشى پىكاپنى توختىتىشنى ئېيتتى. مەنمۇ پىكاپتىن چۈشۈپ، نېرىدىكى بىر دۆڭگە چىقتىم. يۈزۈمگە يەڭگىللىگىنە ئۇرۇلغان تاغ شامىلى، يايلاقنىڭ گۈل - گىياھلىرىدىن كېلىۋاتقان خۇش ھىدلار مېنى تەسۋىرلىگۈسىز لەززەتكە چۆمدۈردى. ئەنە، ئاستىمدا تەڭرىتېغىنىڭ ئارىسىدىن خۇددى كۈمۈش لېنتىدەك تولغىنىپ ئاققان قاش دەرياسى، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى بىپايان يېشىل يايلاق. يايلاقتىكى كىگىز ئۆيلەر خۇددى چەكسىز كەتكەن تىنىق كۆلگە قونغان ئاق قۇلاردەك چېچىلغانىدى. ئورمانلىرى قويۇق، چۆپلىرى بولۇق، خۇش پۇراق گۈللىرى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان، بۇلاقلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇ كەڭ زېمىن داڭلىق تاڭبالى يايلىقى ئىدى. تەڭرىتېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرى بۇ يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىكىنى نامايان قىلماقتا ئىدى.

بىز قاش دەرياسىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يايلاق ئارىلاپ مۇقان ئاكىلارنىڭ ئاۋۇلىغا ماڭدۇق.

شوپۇرنىڭ «ئەنە كەلدۇق» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئالدىمغا قارىدىم. يىراقتا بىر

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ئابدۇۋەلى مۇقىيىت.
تاڭبالى يايلىقى ــ نىلقا ناھىيەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر يايلاق.

جۇپ ئاپئاق كىگىز ئۆي، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئويناپ يۈرگەن بالىلار، يىلقىچىنىڭ تۇۋرۇككە باغلاقلىق تۇرغان ئېتى، يەر ئوچاقنىڭ بېشىدا تۈتۈن بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قىزىل ياغلىقلىق ئايال (ئۇ سېرىكنىڭ ئاپىسى سارە ھەدە ئىدى)... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ گۈزەل ماي بوياق رەسىمگىلا ئوخشايتتى.

پىكاپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىككى ئىت قاۋىغىنىچە كىرىپتىن ئايرىلغان ئوقتەك بىز تەرەپكە ئېتىلىپ كەلدى. سېرىك ئۆيدىن چىقىپ ئىتلارنى چاقىرىۋالدى. سارە ھەدە ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ ئالدىمغا چىقتى. پىكاپتا قالغانلار تۇتقىنىمىزغا ئۇنىماي: «بىز ئالدىرايتتۇق» دەپ يۈرۈپ كېتىشتى. «بۆرە باسار» بىلەن «مويناق» مېنى تونۇۋالدىمۇ ـ قانداق، قۇيرۇق شىپاڭشىتىشقا باشلىدى.

بىز ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۆيگە كىردۇق. مۇقان ئاكا كۆزگەيگە چۆپ چاپقىلى كەتكەچكە، ئۆي ئىشلىرى سېرىككە قاپتۇ. سېرىك مېنىڭدىن بىر ياشلا چوڭ بولسىمۇ، پىشقان، سالماق يىگىتكە ئوخشاپ قاپتۇ. قارىغاندا، مەسئۇلىيەت قانچە بالدۇر يۈكلەنسە، ئادەممۇ شۇنچە بالدۇر پىشىدىغان ئوخشايدۇ.



ساماۋەرنىڭ شىڭىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، تەملىك چاي ئىچىش نېمىدېگەن ھوزۇر - ھە!

يايلاقتىكى كۈنلىرىم ئىنتايىن تېز ئۆتمەكتە. بۈگۈن كۈن قىزىغاندا، سېرىك ئىككىمىز قاش دەرياسى بويىغا ئاتلىق يول ئالدۇق. ئىككى ئات پۇشقۇرۇپ، بىر - بىرىدىن يول تالاشقاندەك تىزگىن سىيرىپ ماڭماقتا. بىز دەريا بويىغا يېتىپ بېرىپ، ئاتلارنى چۇشەپ چۆپكە قويۇپ بېرىپ، ئات كۆرپىسىنى سېلىپ ئولتۇردۇق. ئاق يالىلىق دولقۇنلىرى بىر - بىرىنى قوغلاۋاتقان قاش دەرياسى تىنىمسىز ئاقماقتا. ئۇ مۇشۇنداق ئېقىشى بىلەن ئىلى دەرياسىغا قوشۇلۇپ، كېيىن بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بۇ ماكاننىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلمەس سىمفونىيەسىگە ئوخشايتتى. مۇنداقلا ئاڭلىغان ئادەمگە بىر خىلدا شارقىرىغاندەك ئاڭلانغىنى بىلەن، زەن قويۇپ تىڭشىسىڭىز، ئۇنىڭدىكى خىلمۇخىل ئاۋازلارنى پەرق ئېتەلەيسىز. ئىككى قىرغىقىدىكى قارىغاي، قاراتال، چىتەن، دولانا، قېيىن دەرەخلىرى گىرەلىشىپ، قاراڭغۇ ئورمانىنى ھاسىل قىلغانىدى... بۇ گۈزەل مەنزىرە تاڭبالى يايلىقىغا ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ جازىبىدار قىلىۋەتكەنىدى.

بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان، يايلاقنىڭ كېچىسىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. يايلاقنىڭ ئايسىز تۈنلىرى بەكمۇ قاراڭغۇ بولىدىكەن. كۈندۈزى ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدىغان تاغلار كېچىدە يانپاشلاپ ياتقان غايەت زور مەخلۇققا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئەمما، يايلاقنىڭ تۈن ئاسمىنى تولىمۇ ئۆزگىچە ئىكەن، ئۇنىڭ باغرىنى بېزەپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار شۇنچە يېقىن، شۇنچە ئېنىق بولۇپ، ئادەم گويا ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ كائىناتقا سەپەر قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدىكەن.

يايلاقتىكى كۈنلىرىمنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم. ئوقۇش باشلىنىشقا ئاز قالدى، ئەتە قايتمىسام بولمايتتى. «شۇنداق قىلىپ ئەتە كېتىمەنمۇ؟» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە تاڭبالىدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا. بىر چاغدا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن ھەم كېچىچە شۇ گۈزەل تاڭبالى يايلىقىنى چۈشەپ چىقىپتىمەن!

# 3 يىپەك يولى

كۆركەم، ھەيۋەتلىك «يىپەك يولى» ھەيكىلى شىئەن شەھىرىدىكى يوشياڭ قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭدىكى يىپەك يولىدا كېتىۋاتقان تۆگىلەر، قاڭشارلىق، ئورا كۆز مەغرۇر غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى خۇددى ھاياتتەكلا كۆرۈنىدۇ. ئەينى مەزگىلدە سودىگەرلەر شەرقتىكى بۇ مەركىزىي شەھەردە نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ، بۇ يەردىن ئالغانلىرىنى تۆگىلىرىگە ئارتىپ يۇرتلىرىغا قايتىشاتتى. بۇ ھەيكەلگە قارىغىنىمىزدا، ئەينى يىللاردىكى يىپەك يولىدا كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان كۆرۈنۈشنى كۆرگەندەك، قۇملۇقتىن كېلىۋاتقان كولدۇرما ساداسىنى ئاڭلىغاندەكلا بولىمىز…

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 115 - يىلى ھاۋا ئوچۇق ھەم سالقىن بىر ئەتىگىنى.

ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر سەركەردە ئارساك چېگراسىدا ساقلاپ تۇراتتى. سەركەردە ئېگىز ئارغىماققا مىنىۋالغان بولۇپ، ئارقىسىدا نۇرغۇن لەشكەر بار ئىدى. بۇ كاتتا قوشۇن ئارساك پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يىراقتىن كېلىدىغان دوستلۇق ئەلچىسىنى كۈتمەكتە ئىدى.

شەرق تەرەپتىن كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، لەشكەرلەر ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى. يىراقتا بىر كارۋان كۆرۈندى، كارۋان ئالدىدا بىر رەڭدار تۇغ لەپىلدەپ تۇراتتى.

— كەلدى! كەلدى! — دەپ تەنتەنە قىلىشتى ئارساك لەشكەرلىرى.

— سەپ تۈزۈپ قارشى ئېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى سەركەردە.

چەۋەندازلار شۇئان ئوڭ - سول ئىككى سەپكە ئايرىلىپ، سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى. ئوركېستىر ھەربىي مارش ئورۇنلىدى، كىشىلەر قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى.

جۇڭگو ئەلچىسى تۆگىدىن چۈشۈپ، ئوڭ قولىدىكى ئەلچىلىك تەمتىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەبەسسۇم بىلەن كەلدى. سەركەردە ئاتتىن چۈشۈپ، دىققەتتە

بۇ تېكىست «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» ناملىق كىتابتىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

تۇرغىنىچە:

— بۈيۈك خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنى قارشى ئالىمىز! — دېيدى يۇقىرى ئاۋازدا.

جۇڭگو ئەلچىسى قولىنى جۈپلەپ:

— شۇنچە يىراقتىن قارشى ئالغىلى كېلىپ جاپا تارتىپلا، سەركەردە. مەن ئەلچى جاڭ چيەننىڭ ياردەمچىسى. بۈيۈك خەن خانىنىڭ ھۆرمەت سالامىنى ئېلىپ كەلدۇق! — دېدى.

سەركەردە جاۋابەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

جۇڭگو ئەلچىسى كەينىدىكى تۆگە كارۋىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇلار بۈيۈك خەن خانىنىڭ ئارساك پادىشاھىغا قىلغان ئازغىنە سوۋغىسى، — دېدى. ھەربىر تۆگىگە ئىككى تېڭىق تېڭىلغانىدى. تېڭىقلار چۈشۈرۈلۈپ ئېچىلدى، ئۇلاردا نەپىس، رەڭگارەڭ يىپەكلەر بار ئىدى.

— بىز ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن بۈيۈك خەن ئەلچىسى ئاخىر كەلدى! — دېدى ئارساك مەملىكىتىنىڭ سەركەردىسى خۇشاللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — مەنمۇ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ۋاكالىتەن، بۈيۈك خەن سۇلالىسى خانىنىڭ ئەلچىسىگە سوۋغا تەقدىم قىلاي.

ئۇ ئىشارەت قىلىۋىدى، تۆت لەشكەر ئىككى چوڭ ساندۇقنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلارغا ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىرەر جىڭ كېلىدىغان نۇرغۇن يوغان تۇخۇم قاچىلاقلىق ئىدى. بۇلار تۆگىقۇش تۇخۇمى بولۇپ، ئەينى چاغدا جۇڭگودا تۆگىقۇش تۇخۇمى يوق ئىدى.



جۇڭگو ئەلچىسى رەھمەت ئېيتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، سەركەردە قولىنى بىر شىلتىۋىدى، ئىككى ئادەم يېتىپ كەلدى، ئەسلىدە ئۇلار سېھىرگەرلەر ئى-دى. ئۇلارنىڭ بىرى بىر خەنجەرنى چىقاردى ـ دە، ئاغزىغا تىقىپ يۇتۇۋەتتى، ئاندىن قورسىقىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئاغزىدىن خەنجەرنى چىقاردى. يەنە بىرى ئاغ-زىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنى كەينى ـ كەينىدىن پۈۋدەپ چىقاردى. سېھىر-گەرلەرنىڭ كارامەت ئويۇنلىرى سورۇندىكى كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. سەركەردە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان كۈن، شۇڭا ئۇلارنى ئالاھىدە چاقىرتىپ كېلىشىم، — دېدى.

جۇڭگو ئەلچىسى قولىنى جۈپلەپ رەھمەت ئېيتتى ۋە خۇشاللىق بىلەن:

— ئارىلىقىمىز شۇنچە يىراق تۇرۇپ، بىر يولنىڭ بىزنى تۇتاشتۇرىدىغانلى-قىنى ئويلىماپتىكەنمەن. بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ يول ئىكەن! — دېدى.

بۇ، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندىن كېيىنكى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشى ئىدى. جاڭ چيەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى تالاي جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغانىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەر-



بىي يۇرتتىكى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش ـ كېلىشىنى كۈچەيتكەنىد ـ
دى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تۈركۈم ـ تۈركۈم تۆگە كارۋانلىرى بۇ ئۇزۇن سودا
يولىدا ئايىغى ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇردى. ئۇلار قاتمۇقات تاغ ـ داۋانلاردىن ئې ـ
شىپ، جۇڭگونىڭ يىلىچىلىق، يىپەكچىلىق، تۆمۈر تاۋلاش، قەغەزچىلىق، يەر
سۇغىرىش قاتارلىق تېخنىكىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋرو ـ
پالارغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەرلەردىن ئۈزۈم، ياڭاق، ئانار، پۇرچاق، تەرخەمەك،
كۈنجۈت، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋە ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىمىزگە ئېلىپ كەلدى.
يەنە شىر، كەركىدان، نەسىللىك ئات قاتارلىق هايۋانلار جۇڭگوغا كىرگۈزۈل ـ
دى. سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، ئېلى ـ
مىزنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق ۋە ئويمىچىلىقى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا،
رەڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر
هەر قېتىم «يىپەك يولى» هەيكىلىگە نەزەر سالغىنىدا، ئەينى چاغلاردىكى سودا ـ
سېتىق، مەدەنىيەتنىڭ قايناق مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلماي تۇرالمايدۇ...

ماتېرىيال خالتىسى

يىپەك يولى قەدىمكى دەۋردە ئاسىيا ۋە ياۋروپانى كېسىپ ئۆتىدىغان يول ئىدى.
ئۇ شەرقتە ئېلىمىزنىڭ خەن، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ قەدىمكى پايتەختى چاڭئەن (شى ـ
ئەن شەھىرى)دىن باشلىنىپ، غەربتە تاكى بۈگۈنكى ئىتالىيەنىڭ پايتەختى رىمغىچە
سوزۇلغان. بۇ ئۇزۇن يول ئارقىلىق سودا قىلىنىدىغان ماللار ئىچىدە، ئېلىمىزدە چى ـ
قىدىغان يىپەك ئەڭ ۋەكىللىككە ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇ يول «يىپەك يولى» دەپ ئا ـ
تالغان. يىپەك يولى قەدىمكى ئاسىيا ۋە ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سودا يولى



بولۇپلا قالماي، يەنە ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن ئېلىمىزنىڭ دوستانە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇچراشتۇرىدىغان دوستلۇق يولى ئىدى. تارىختىكى بەزى مەشھۇر شەخسلەر، مەسىلەن، غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغان جاڭ چيەن، مۆلكىي ئەمەلدارلىقتىن ھەربىي ئەمەلدارلىققا ئۆتكەن بەن چاۋ، غەربكە نوم ئالغىلى بارغان شۈەنزاڭ قاتارلىقلارنىڭ بىرمۇنچە ھېكايىلىرى مۇشۇ يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك.



1. تېكستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. يىپەك يولى سىلەرگە قانداق تەسىر بەردى؟
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:
يىپەك يولى   كولدۇرما   مىلادىيەدىن بۇرۇنقى   سەركەردە   كارۋان   چەۋەنداز
3. يىپەك يولىنىڭ سودا يولى بولۇپلا قالماي، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رولى ھەم توھپىسى بارلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىڭلار.
4. تېكستتە تارىخىي چىنلىق بىلەن تەسەۋۋۇر ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئىپادىلەش جەھەتتىكى چىنلىق پېرسوناژلارنىڭ تىلى، ھەرىكىتى ئىپادىلەنگەن جۈملىلەردىن تېپىپ چىقىڭلار.
5. جەلپكار غەربىي يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال توپلاپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.



# 4△ كۆنەس يايلىقىدىكى يىلقىلار

ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى كۆنەس يايلىقىدا تۇيۇقسىز ياغقان قارا يامغۇردا قالدىم. يامغۇر شۇنداق تۇيۇقسىز ياغدىكى، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بۈركۈتنىمۇ سوقۇپ چۈشۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. يامغۇرنىڭ شىددەتلىكلىكىدىن يايلاقتىن توپا توزۇپ كەتتى. شۇ قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبلىك، ئاتلار ئۈركۈپ قاچقان ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

جىرا ــ جىلغىلاردىن پىتىراپ چىققان ئاتلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە توپلانغاندەك قىلاتتى. ئۇلارغا قارا يامغۇر تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى، ئۇلار گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلىشىدىن، چاقماقنىڭ دەھشەتلىك چاقنىشىدىن ئۈركۈمەكتە ئىدى. ئۇلار سانسىز جىلغىلاردىن، قاپتاللاردىن شۇڭغۇپ چىقىپ بۇ چەكسىز



بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى جوۋ تاۋ.



يايلاقتا كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىپ ھەيۋەتلىك يىلقىغا ئايلاندى. يىلقا توختاۋسىز كېڭىيىپ، ھۆررا توۋلىشىپ ئوقتەك ئىلگىرىلەۋاتقان ھۆججۈمچىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىر - بىرىگە يول بەرمەستىن كىشنىشىپ، ياللىرىنى يەلپۈتكىنىچە جاسارىتىنى نامايان قىلىشماقتا ئىدى. بەزىلىرى قورقماس ئاۋانگارتلاردەك، بەزىلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە چارە ئىزدەۋاتقان سانغۇندەك جان - جەھلى بىلەن چاپاتتى. بىيەلەرنىڭ كەينىدىن قورقۇمسىراپ چېپىۋاتقان تايلارنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇقلىرى، قىيغىتىشلىرى نەگىدۇر يوقالغان بولۇپ، تۇيۇقسىزلا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاساۋ تاشقىنغا قاپسىلىپ قالغان يىلقىچىلار قىقاس - سۈرەن سېلىشاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ قىقاس - سۈرەنلىرى سۇغا چۈشكەن تاشتەك كار قىلمايتتى.

ئات تۇياقلىرىدىن زېمىن تىترەيتتى. ئاتلار ھەسرەتلىك كىشنىشەتتى ۋە ھەريان پىتىراپ، ھەر خىل ئەگرى - بۈگرى شەكىللەرنى ھاسىل قىلىشاتتى. زېمىننى بىر ئالغان قارا يامغۇر، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئاۋازلىرى گىرەلىشىپ، كىشىنى ئاجايىپ تۇيغۇغا غەرق قىلاتتى. بىر ئازدىن كېيىن يامغۇر توختىدى، ئاتلارمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولدى، ئاجايىپ تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان مەنزىرىمۇ يىتتى.

مەن ئېسىمنى يوقىتىپ مەڭدىگىنىمچە ئۇزاققىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتىم-

مەن. مەن بۇ دۇنيادىكى ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا شاھىت بولغانىدىم. ئاتلارنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى، قەدىمكى جەڭ مەيدانلىرىنىڭ قايتا زاھىر بولۇشى ۋە سىمفونىيە مېلودىيەسىدە قايتىدىن جانلانغان ئۆتمۈش سۈرەتلەر شۇ قەدەر ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. مەن بۇ كۆرگەنلىرىمنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە چوقۇم ماڭا مەڭگۈ تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ.



# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## بايان جۈملە

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلاردا قانداق ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار:

1. مەن ئانامنى ياخشى كۆرىمەن.
2. جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق.
3. ھاۋا ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى.

**مەلۇم بىر ئوي - پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلىگەن جۈملىلەر بايان جۈملە دېيىلىدۇ.**

بايان جۈملىدە ئاھاڭ دەسلەپ كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن پەيدىنپەي پەسىيىپ توختايدۇ. بايان جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت (.) قويۇلىدۇ.

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1. تۆۋەندىكى رەسىمنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، رەسىم مەزمۇنىغا ئاساسەن بايان جۈملە يېزىڭلار. قېنى كىم ئەڭ تېز، ئەڭ كۆپ يازالايدىكىن؟



2. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بايان جۈملە تۈزۈڭلار:

سۈپسۈزۈك: ____________________

ۋەدە: ____________________

تونۇماق: ____________________

كىتاب: ____________________

نان: ____________________

ئوقۇش: ____________________

تېز: ____________________

3. «توغراق» دېگەن تېكستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا قانچە بايان جۈملە بار؟



# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز بار. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دوست بولۇشساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئەمسە، سىنىپتىكى بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن «دوستلىشىش» پائالىيىتى لايىھەسى تۈزۈپ چىقايلى. ئالدى بىلەن، سىنىپتىكى بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قانداق ئالاقە ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئالاقىلاشقاندىن كېيىن، قانداق پائالىيەتلەرنى قىلىپ ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى، ئۇلارغا پايدىلىق قانداق ئىشلارنى قىلىپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ئۆزىمىز ياقتۇرغان كىچىك گۇرۇپپىمىز نامىدىن ئاشۇ جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خەت يازايلى.

خەتتە، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن «دوستلىشىش» پائالىيىتىگە قارىتا پىكىر ۋە تەكلىپلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويايلى. خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئەستايىدىل ئوقۇپ تۈزىتەيلى، ئاندىن خەتنى پوچتىدىن سالايلى ياكى توردىن يوللىساقمۇ بولىدۇ.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

### ئالاقە سەھنىسى

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر بىزنى غەربىي يۇرتنىڭ، جۈملىدىن ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ رەڭدار مەنزىرىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ بۆلەكتىن ئالغان تەسىراتىمىز ئۈستىدە پىكىرلىشىپ باقايلى.

«توغراق» دېگەن تېكىست قۇم - بوران ۋە قاقاس قۇملۇقلاردا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قۇم - بورانغا پەسەنت قىلماي مەغرۇرانە ياشاپ كېلىۋاتقان توغراقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. بۇ تېكىستنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ باقايلى.

«تاڭبالى يايلىقى» دېگەن تېكىست ئىلقا تاغلىرىدىكى تاڭبالى يايلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، قازاق قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنە «كۈنەس يايلىقىدىكى يىلقىلار» دېگەن تېكىست كۈنەس يايلىقىدىكى تۇيۇقسىز ياغقان قارا يامغۇردىن ئۈركۈپ كەتكەن ئاتلارنىڭ ھەيۋەتلىك چېپىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدىغان بۇ جانلىق تەسۋىرلەردىن نېمىنى ھېس قىلغانلىقىڭلار ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار.

تېكىستلەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئېرىشكەن باشقا ھاسىلاتلىرىڭلار توغرۇلۇق پىكىر ئالماشتۇرساڭلارمۇ بولىدۇ.

## تىل خەزىنىسى



يادلىۋالاي

### يېشىل ھايات

كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ قارلىق تاغلار،
يېشىللىق دۇنياسىدۇر ئېتەكلىرى.
ئېدىرلار نار تۆگىنىڭ ئۈركىشىدەك ...
باغرىدا يەلپۈنىدۇ چېچەكلىرى.

قاپتال ۋە جىرالىرى يېشىل جاڭگال،
قارىغايلار ساما بىلەن بوي تالاشقان.
ئېدىرلار ئارىلىقى قويۇق چاتقال،
ياپيېشىل توقايلىقلار قۇچاقلاشقان.

تاغ سۈيى ئېقىپ ئۆتۈپ توقايلىقتىن،
تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلىدۇ، شارقىرايدۇ.
بىپايان يىراقلىقلار يېشىل يايلاق،
كۆزۈڭنى قاماشتۇرۇپ پارقىرايدۇ.

قاياقتا كۆز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،
يېشىلدەك كۆرۈنىدۇ بار كائىنات.

— قۇربان بارات



ئوقۇپ باقاي

## خوتەن قەغىزى

قەغەزنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانىيەت يېزىقلىق مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېرە، تارىشا، تاختاي، تاش، رەخت، تام، يار، قىيالارغا خەت يازىدىغان كونا تارىخىي دەۋر بىلەن خوشلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بىزدە قەغەزچىلىك يۇرتىمىزنىڭ خوتەن تەۋەسىدىكى جايلاردىلا بىرقەدەر مەركەزلىك ۋە كۆلەملەشكەن ھالدا ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قەغەز ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەرگە كەڭ تارالغان ھەمدە بۇ ئەللەرنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى يازما ماتېرىياللىرى ئاساسەن مۇشۇ قەغەزگە يېزىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قەغەزنىڭ نامىمۇ «خوتەن قەغىزى» دەپ ئاتالغان. خوتەن قەغىزنىڭ رەڭگى سامان رەڭگىدە بولغاچقا، يەنە «خوتەن سامان قەغىزى» ياكى «سامان قەغەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خوتەن قەغىزى ئۈجمە، تېرەك، جىگدە، سۆگەت قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى، بولۇپمۇ ئۈجمىنىڭ قوۋزىقى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىنىدۇ. خوتەن قەغىزنى ئىشلەشتە، ئۈجمىنىڭ يېڭى چىۋىقلىرى تاللىۋېلىنىدۇ. ئاندىن يوپۇرماقلىرى ئۈزۈۋېتىلىپ، سويۇلغان قوۋزىقى قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن چاناش ياكى سوقۇش ئارقىلىق يۇمشىتىلىپ، قازاندا قاينىتىلىدۇ. تەييارلانغان قوۋزاق بوتقىسى سۇدا سۈيۈلدۈرۈش، ئەلگەك بىلەن سۈزۈش، قېلىپقا سېلىش، قۇرۇتۇش قاتارلىق باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ قە-



غەزگە ئايلىنىدۇ. سامان رەڭلىك بۇ قەغەزنى بىۋاستە خەت يېزىشقا ئىشلىتىشكە بولماي-
دۇ. شۇڭا، ئۇ «خام قەغەز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل خام قەغەزنىڭ يۈزى سىلىق، ئېغىر
تاش بىلەن سىيرىلىپ، چۆرىسى كېسىپ تەكشىلەنگەندىن كېيىن، خەت يېزىشقا ئىشلە-
تىلىدۇ.

يېقىنقى زاماندىكى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قەغەزنىڭ تۈرى كۆپىيىپ،
سۈپىتى ياخشىلىنىپ، مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئېشىپ، باھاسىمۇ ئەرزانلاپ
كەتكەنلىكتىن، خوتەن قەغىزى بارغانسېرى ئاز ئىشلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن،
ئىشلەنگەن خوتەن قەغەزلىرى خەت يېزىش، كىتاب بېسىشقا ئىشلىتىلمەي، ئىشىك -
دېرىزە يەملەش، تېۋىپلار دورا - دەرمەك ئوراش، تېڭىقچىلىق ئىشلىرىدا ئانچە - مۇن-
چە ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە، قەغەزچىلىك بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئازىيىپ كەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا، جۇملىدىن دۆلىتىمىزدە ئەنئەنىۋى مەدە-
نىيەت مىراسلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، خوتەن قەغىزى قايتىدىن خەل-
قىمىزنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. قاراقاش ناھىيەسى پۇرچاقچى يېزىسى-
دىكى تۇرسۇنتوختى بوۋا 2002 - يىلى ئامېرىكا دۆلەتلىك مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن

خەلقئارالىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنىدا خوتەن قەغىزىنى يا-ساپ ماھارەت كۆرسىتىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن توختى باقى بوۋا ئامېرىكا ئۆرپ - ئادەتشۇناسلىرى تەرىپىدىن «يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ‹ھايات ۋارىسى›» دەپ ئاتالدى.

2006 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خوتەن قەغىزىنى ياساش تېخنىكىسى تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

— غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر





ئىككىنچى بۆلەك

# بالىلىقتىكى ئۇنتۇلماس كەچمىشلەر

بالىلىق گۈزەل كەچۈرمىشلەرگە تولغان ئۇنتۇلغۇسىز مەزگىلدۇر. بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ساددا خىياللىرىمىز، ئىنتىلىشىمىز، تىلەكلىرىمىز بالىلىقتا ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزدىن پۈتكەن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنىڭ، كۆڭۈللۈك ئويۇنلارنىڭ، تەبىئەت بەخش ئەتكەن ئاجايىباتلارنىڭ، ئۇلار ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر بىزگە بالىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بالىلىقنىڭ گۈزەل چاغلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.



بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇش جەريانىدا، بالىلىقتىكى ساددا، قايناق كەيپىياتنى ھېس قىلىپ، تۇرمۇشنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تەسىراتنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالايلى.



# 5 ئوقۇپ تۈگەتكۈسىز زور كىتاب

گۆدەك چاغلىرىمدا ئۆيىمىزدە ئوينىغۇدەك نە بىرەر ئويۇنچۇق، چوڭلارنىڭ-
مۇ بىزگە قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا بەش - ئالتە ياش چاغلى-
رىمدىن باشلاپ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئويۇن ئىزدەشكە باشلىدىم.

پايانسىز ئاسمان، چەكسىز زېمىن، ئەگرى - بۈگرى دەريا - ئېقىنلار، بۈك-
كىدە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ماموق بۇلۇتلار،
شوخ ئۇچار قاناتلار، يەر يۈزىدىكى ھايۋانات، قۇرت - قوڭغۇزلار، سۇدىكى بې-
لىق، قۇمچاق دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىلا بىز ئۈچۈن ياخشى ئويۇنچۇق بولۇپ
بېرەتتى. مەسىلەن، قۇشقاچلارنىڭ شاختىن - شاخقا سەكرەپ شوخ ئويناشلىرى
كۆڭۈلنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتسە، بۈركۈتلەرنىڭ ئېگىز ئاسماندا ئەگىپ ئۇ-
چۇۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا پەسكە ئوقتەك شۇڭغۇشلىرى شۇنداق جەسۇر بىلىنەت-
تى. دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، چېچەكلەپ ئېچى-
لىشى، مېۋە تۇتۇشى، يازدا ئاينىپ، قىشتا خازان بولۇشلىرىنىڭ ھەممىسىلا
ئۆزگىچە بىر ئاجايىبات دۇنياسى ئىدى. ئوت - چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ
ھەر خىل، بەزىلىرى ئۇزۇن، بەزىلىرى قىسقا، بەزىلىرى تىكەنلىك ئىدى. گۈل-
لەرمۇ قىزىل، سېرىق، سۆسۈن، كۆك دېگەندەك ھەر خىل رەڭلىك، شەكلىمۇ



تاق بەرگلىك، قوش بەرگلىك، تۆت ـ بەش بەرگلىك ھەم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولاتتى. قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ بەك قىزىقارلىق. مەسىلەن، چۈمۈلىلەر ئۆي كۆچكەندە شۇنچە ئۇزۇن سەپتىمۇ ھامان بىر تەرتىپنى ساقلاپ، ھەممەيلەن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ ماڭاتتى. تەشكىلچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بۇ ھەرىكەتكە ھەر كىم قايىل بولماي قالمايتتى. ناۋادا ئىككى توپ چۈمۈلە ئۇرۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سەپ تۈزۈشلىرى، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنكى جان تىكىپ ئېلىشىشلىرى، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇرانە روھىغا ھەقىقەتەن بارىكاللا دېمەي تۇرالمايتتۇق.

ئۆيىمىزنىڭ ئالدى ـ كەينى، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا ئاق تۇرۇچ، ئاچچىق ئاپىلسىن دېگەندەك مېۋىلىك دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار خۇددى باھاردا رەڭگارەڭ چېچەك ئاچقاندەك، كۈزدىمۇ شاخ ـ شاخلىرى تولۇق مېۋىلەرگە تولاتتى. مېۋە دېگەننى شېخىدىن ئۈزۈپ يېسە قانداق پەيزى ـ ھە! ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى بىر تۈپ پالما بار بامبۇكزارلىق ماڭا ئەڭ يارايتتى. بامبۇك دېگەن بەك تېز ئۆسىدىغان نەرسە. يامغۇردىن كېيىن بامبۇك نوتىلىرى بىر كۈندىلا ئون سانتىمېتىرچە ئۆسۈپ، نەچچە كۈنگە قالمايلا مەن بىلەن تەڭ بولۇپ كېتەتتى. بامبۇك نوتىسىنى قورۇپ يېسە ئاجايىپ تەملىك بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ مەيىن شامالدا يېنىك شىلدىرلاشلىرىمۇ ئاجايىپ ئىللىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. بوران چىققان مەزگىللەردە بامبۇكلار ھۇشۇلداپ چۇقان سالاتتى. كۆلچەك بويىدىكى پالما دەرىخىنىڭ يالغۇز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەيسەرانە تۇرقى ۋە ئۇنىڭ كۆلچەكتىكى سايىسى، كەڭ يېيىلغان يەلپۈگۈچسىمان يوپۇرماقلىرىنىڭ شامالدا ئىرغاڭلاشلىرىمۇ كىشىگە باشقىچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

تەبىئەت دۇنياسى ۋاراقلىسا تۈگىمەيدىغان بۈيۈك بىر ئالبوم، ئوقۇپ تۈگەتكۈسىز بىر كىتاب. ئۇنىڭ باغرىغا سان ـ ساناقسىز سىر ۋە ئىلىم، مەڭگۈ تۈگىمەس خۇشاللىقلار يوشۇرۇنغان.



1. تېكىستنى ھېسسىياتلىق، ئۇنلۇك ئوقۇڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

خازان　　　بارىكاللا　　　پالما　　　بامبۇك

3. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، «مەن»نىڭ نېمە ئۈچۈن تەبىئەت دۇنياسىدىن ئويۇن ئىزدىكەنلىكىنى ھەمدە قانداق خۇشاللىقلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

4. تېكىستنىڭ ئاخىرىدا: «تەبىئەت دۇنياسى ۋاراقلىسا ـ ۋاراقلىسا تۈگىمەيدىغان بۈيۈك بىر ئالبوم» دېيىلگەن. ئالدى بىلەن بۇ جۈملىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ، ئاندىن بۇ جۈملىگە بولغان چۈشەنچىڭلارنى مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

5. سىلەر ئادەتتە قانداق ئويۇنلارنى ئوينايسىلەر؟ ئۆزۈڭلارنى «مەن»گە نىسبەتەن بەختلىك دەپ قارامسىلەر؟ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دەرسلىك مەزمۇنىنى ئۆزۈڭلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە باغلاپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىڭلار.



باللىق — بىر پارچە رەسىم، بۇ نەپىس رەسىمدە بىزنىڭ رەڭدار تۇرمۇشىمىز بار. باللىق — بىر ناخشا، بۇ گۈزەل ناخشىدا بىزنىڭ بەختىمىز ۋە شادلىقىمىز بار. باللىق — بىر چۈش، بۇ شېرىن چۈشتە بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىز ۋە ئارزۇلىرىمىز بار. تۆۋەندىكى تېكىستتىكى چوڭقۇر تەسىر قىلغان جۈملىلەرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۆز تەسىراتىمىزنى سۆزلەپ باقايلى.

## 6* باللىقتىكى بايقاش

تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش قائىدىسىنى توققۇز يېشىمدىلا بايقىغانمەن. بۇ پۈتۈنلەي مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشۈمدىن بولغان.

بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. بوپتۇ، كۈلسىڭىز كۈلۈۋېرىڭ، كۈلگەنگە بالاغا قالمايسىز. ئەمما مەن سىزگە ئوخشىمايمەن. تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش قائىدىسىنى بايقاپ ئۈچ يىلدىن كېيىن بىر كۈنى تۇيۇقسىز شۇ ئىش ئېسىمگە كېچىپ كۈلۈپ سالدىم - دە، بالاغا قالدىم.

مېنىڭ بايقىشىم ئۇچۇپ چۈشەشتىن باشلانغان. ھەر كېچىسى ئۇچۇپلا چۈش كۆرەتتىم. ئۇچۇشقا شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىدىمكى، يەردىن يېنىك قاڭقىسىملا ئۇچالايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. كېيىنچە چۈشۈمدە شۇڭغۇما پاراشۇتتا مەھەللىلەرنىڭ، ئاق قېيىنزارلىقلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا، ياپيېشىل ئوتلاق ۋە سۈپسۈزۈك كۆللەرنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بولدۇم. بەدىنىم يېنىك بولغانلىقتىن، نەگە بارىمەن دېسەم شۇ ياققا ئۇچالايتتىم، غۇلىچىمنى يېيىپ، پۇتلىرىمنى بىمالال ھەرىكەتلەندۈرەلەيتتىم.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا يالغۇز مەنلا ئۇچۇپ چۈش كۆرىمەن دەپ قارايتتىم. لېكىن بىر كۈنى بىلىپ قالدىمكى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسىلا كېچىسى ئۇچۇپ چۈش كۆرىدىكەن. شۇ كۈنى بىرنەچچىمىز بۇ غەلىتە ئىشنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز دەپ مۇئەللىمنىڭ قېشىغا باردۇق.

— ئۇچۇپ چۈش كۆرۈش بويىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، — دېدى مۇئەللىم.

---

تېكىستنىڭ ئاپتورى فېيودورف (سوۋېت ئىتتىپاقى). ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

— ئادەم نېمىشقا كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا بوي تارتىدۇ؟

— كۈندۈزى شوخلۇق قىلىپ يۈرگەچكە ھۈجەيرەڭلار بىمالال ئۆسەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار كېچىسى ئۆسىدۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئادەم ئۆسۈۋاتقاندا ئۇچۇپ چۈش كۆرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

— بۇ، ھۈجەيرەڭلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرنى ئەسلىگەنلىكى. ئۇ چاغلاردا ئادەملەر قۇش ئىدى.

— نېمە، ئادەمنى قۇش دېمەكچىمۇسىز؟ — سورىدۇق ھەيران بولۇشۇپ.

— شۇنداق، قۇشلا ئەمەس تېخى! ئادەم ئاددىي جانلىقلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان. دەسلىپىدە ئۇ بىر خىل تۈكلۈك



قۇرت ئىدى، كېيىنچە بېلىققا، ئاندىن پاقىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن مايمۇنغا ئۆزگەرگەن... بۇ بىدلىملەرنى سىلەر يۇقىرى يىللىقلارغا چىققاندا مۇئەللىم سۆزلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرى يىللىققا چىقىشىمىزغا خېلى بار ئىدى، لېكىن چۈشۈمدە ئۇچۇشۇم داۋاملاشماقتا. مۇئەللىم بىلەن بولغان بۇ پاراڭ مېنى تېخىمۇ كۆپ ئويلارغا سېلىپ، ئادەمنىڭ زادى قانداق كەلگەنلىكىنى بىر بىلىپ باقمىسام دېگەن يەرگە كەلدىم. بۇ ئىشقا شۇ قەدەر بېرىلدىمكى، ھەتتا دەريادىن بىرەر تال بېلىق تۇتۇۋالسامۇ، ئۇنىڭدا ئادەمگە ئۆزگىرىدىغان بىرەر ئالامەت بارمىدۇ دەپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كېتىدىغان بولدۇم.

يېزا بالىلىرى ئانىسىنىڭ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغىدىغانلىقىنى كىچىكىدىنلا بىلىشىدۇ. «نېمىشقا توققۇز ئاي؟» دېگەننى ئويلاپمۇ مېڭەمنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېدى. ئويلا - ئويلا ئاخىر بۇنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك

بولدۇم ـ دە: «بۇ خەرىتە سىزغانغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. يەردىكى ئارىلىق شۇڭچىلىك يىراق، لېكىن خەرىتىگە سىزىلىدىغىنى ئاران نەچچە سانتىمېتىر. ئادەم دېگەن ھۆجەيرىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ... ھۆجەيرىلەر يىغىلىپ بېلىق بولىدۇ، بۇنىڭغا خېلى كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. ھازىرچە بۇ ۋاقىتنى بىر ئاي دەپ تۇراي. بېلىقجاندىن پاقىغا ئۆزگىرىشكىمۇ بىر مۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇنىمۇ بىر ئاي دەپ تۇراي. مۇشۇنداق ھېسابلىساق، ئۇنىڭ ئادەمگە ئۆزگىرىشىگە توققۇز ئاي كېتىدۇ ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. بۇ بايقىشىم شۇ قەدەر ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن مېنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. مېنىڭچە بۇ قائىدىنى باشقىلار تېخى بايقىمىغان بولسا كېرەك.

ئارىدىن يەنە ئۈچ ـ تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى، مانا 6 ـ يىللىققىمۇ چىقتىم. مۇئەللىم بىزگە بىيولوگىيە دەرسى ئۆتىدىغان بولدى. بىر كۈنى ياشقىنە مۇئەللىمە ئولگا ئىۋانوۋنا ئادەمنىڭ كېلىش مەنبەسى، تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى ھەققىدە دەرس ئۆتتى. مۇئەللىمەنىڭ سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، تەدرىجىي تەرەققىيات كۆز قارىشى بويىچە بولغاندا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمە ئاددىي جانلىقتىن ئادەمگە ئۆزگىرىش جەريانىنى قايتىلايدىكەن. ئۇ چاغدا سىنىپ ئىچى جىمجىت، ئۇن ـ تىنسىز ئىدى. تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ



بايقىشى ئېسىمگە كېلىپ قالدى ـ دە، ئىختىيارسىز پىخخىدە كۈلۈۋەتتىم. شۇئان مۇئەللىم ماڭا ئالىيىپ قارىدى.

ــ فىيودوروف!... نېمىگە كۈلىسەن؟ يەنە كۈلىدىغان بولساڭ سىنىپتىن چىقىرىۋېتىمەن!

ــ مۇئەللىم، مەن... ئۆزۈمنىڭ بايقىشى ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ...

سىنىپ ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇلگا ئىۋانوۋنا خاپا بولغىنىدىن تاتىرىپ كەتتى ـ دە، گۇس ـ گۇس دەسسىگىنىچە ئالدىمغا كەلدى.

ــ فىيودوروف!... دەرھال سىنىپتىن چىق!...

ئوڭايسىزلىق ۋە خىجالەتتىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. شۇندىلا مۇئەللىمنىڭ كۈلكەمنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى، مېنى يامان ئويدا كۈلۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلىقىنى بىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ مېنى سەۋەبىنى چۈشەندۈر دەپ تۇرۇۋالمىدى، بولمىسا ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنلا بايقىغانلىقىمنى ئاڭلىشىپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشكەن بولاتتى! سىنىپتىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ بىردىنلا ئۆزۈمنى ئازادە ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، دۇنيادىكى زور كەشپىيات ۋە بايقاشلار بەزىدە يەكلەش ۋە بۇزغۇنچىلىققىمۇ ئۇچرايدىكەن.



# 7 ئوغۇل بالا

كىچىكىمدە ئاكام هارۋىكەش ئىدى. يازنىڭ چىرايلىق كۈنلىرىدە ئاكام مېنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ هويلىدىن چىقاتتى. بىز هارۋىدا ئارىشاڭ(ئىلى ئوت ئارىشىڭى)غا چۈشكۈچىلەرنى توشۇيتتۇق. ئۇ 1976 ـ يىلىدىكى ئىشلار بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدە ئېشەك هارۋىسى مۇھىم قاتناش قورالى هېسابلىناتتى.

بىر كۈنى ئارىشاڭدىن ياناشىمىزدا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئاكام مېنى جۇۋىسى بىلەن چۈمكەپ قويدى.

يولدا كېتىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغلاردا ئۆيگە كەپتۇق. ئاكام مېنى هارۋىدىن قۇچاقلاپ ئېلىپ، ئۆيگە ئەكىرگەندە ئويغىنىپ كەتتىم. ئاكامنىڭ ئۇستىبېشى چىلىققىدە هۆل بولۇپ كېتىپتۇ. مېنىڭ كىيىملىرىم هېچنېمە بولماپتۇ.

ئەتىسى ۋاقچە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئويغىنىپ قارىسام، ئاكام تېخىچە بىر ياققا چىقماي يوتقانغا چۈمكىنىپ يېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئاپامنىڭ دادامغا:

ــ ئەبىنى جېنى تۆمۈر دەۋاتاتتىڭىز، مانا قىزىپ ئوت ـ كاۋاپ ياتىدۇ. بىچارىنىڭ هېلىمۇ جېنى چىدىدى، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ نېمە تارتقۇلۇق بۇ! ــ دېگەنلىرى قۇلىقىمغا كىردى.

ــ ئوغۇل بالا ـ دە، ساقىيىپ كېتىدۇ، ــ دېدى دادام.

قىشنىڭ سوغۇق بىر كۈنى يەنە ئاكام بىلەن كانغا كۆمۈرگە باردۇق. نۆۋەت كەلمەي كەچ كىرىپ كەتتى. هارۋىكەشلەر كۆمۈر دۆۋىلەپ گۈلخان چۆرىسىدە تۈنەك قىلدى.

ــ هېلىقى بانكا بۇلىغان ئوغۇل بالىكەن جۇمۇ، بانكىغا چېلەك كىيىپ چۈشۈپتۇ.

ــ ئۇنىڭ نەرى ئوغۇل بالا، بانكىدىكى پۇل خەلقنىڭغۇ، خەلقنىڭ هەققىگە چاڭ سالغان قانداق ئوغۇل بالا ئۇ، ئوغۇل بالا دېگەن ئەنەش قارىدەك مۇشتلىشالايدۇ.

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ئابلېكىم هەسەن.



— مانا مەن شۇنداق بىر نوچىنى كۆرگەن، پەشۋا ئاتسا، تورۇسقا تېگىدىغان، بىر بېشى بار ھەرقاندىقىنى ئەلھۆكمىلىللا دېگۈزىدىغان.

— ئۇ نوچىنىڭ ئېتى نېمە؟

— نۇرى قاۋان.

— ۋاھ، نۇرى دېگەننىڭ نامىنى ئىلى تەۋەسىدە بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

ھارۋىكەشلەر ئارىسىدىن دۇمچەك، ئاۋاق بىر ئادەم ئورنىدىن تۇردى.

— نۇرى قاۋان دېگىنىڭ مانا مەن!

ھارۋىكەشلەر دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— تونۇدۇم، دەل ئۆزى شۇ، نېمانداق قېرىپ كەتتىڭ نۇرى؟

ھېلىقى ئادەم يىغا ئارىلاش سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆز ۋاقتىدا شەھەر سورىغان نۇرى قاۋىنىڭ ئەمدى يوق. كۆرەڭلەپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلاردا ئوغۇل بالا دېگەن مانا مەن، قالغان ھەممىڭ يارىماس دەپ يۈرۈپتىمەن. كېيىن ئۆيلەندىم، نەچچە بالىغا ئاتا بولدۇم. ئۆينى باقىمەن دەپ ئون يىلدىن بېرى كۆرمىگىنىم قالمىدى. بىلدىمكى، ئوغۇل بالا دېگەن ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرالىسا، ئاندىن ئوغۇل بالا دېيىسە بولىدىكەن.

مۇشۇ گەپ بىلەن هارۋىكەشلەر جىمىپلا كەتتى.

مەن ئاكامغا هەۋەس بىلەن قارىدىم. مانا مېنىڭ ئاكام هەقىقىي ئوغۇل بالا. ئۇ هېچكىمنى بوزەك قىلمايدۇ هەم هېچكىمگە بوزەك بولمايدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈچىنى ئائىلىمىزگە تەقدىم قىلىدۇ.

ئى ئوغۇل بالىلار، سىلەرنىڭ ئوغۇل بالىچىلىقىڭلار جىنسىڭلار بىلەنلا ئەمەس، جىگەرىڭلار بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ.



1. ئەسەرنى هېسسىياتلىق ئوقۇڭلار هەم ئاساسىي مەزمۇننى جانلىق بايان قىلىپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى خۇش خەتچىلەپ كۆچۈرۈڭلار هەم بۇ جۈملىلەردىكى ئوي - پىكىر ئۈستىدە ساۋاقداشىڭلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار:

1) ئاكامنىڭ ئۈستىبېشى چىلىققىدە هۆل بولۇپ كېتىپتۇ، مېنىڭ كىيىملىرىم هېچنېمە بولماپتۇ.

2) بىلدىمكى، ئوغۇل بالا ئۆيىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرالىسا، شۇ چاغدا ئوغۇل بالا دېسە بولىدىكەن.

3) ئى ئوغۇل بالىلار، سىلەرنىڭ ئوغۇل بالا بالىچىلىقىڭلار جىنسىڭلار بىلەنلا ئەمەس، جىگەرىڭلار بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ.

3. «مەن» نېمىشقا ئاكىسىنى هەقىقىي ئوغۇل بالا دەيدۇ؟

4. سىزنىڭچە، ئوغۇل بالا زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇشۇ هەقتە مۇنازىرىلىشىپ بېقىڭلار هەم ئورتاقلاشقان پىكىر بويىچە هەقىقىي ئوغۇل بالا بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى يېزىپ چىقىڭلار.

## 8△ بوۋامنىڭ كۆكتاتلىقى

بىزنىڭ بىر بېغىمىز بولىدىغان. ئۇنىڭدا ھەسەل ھەرىسى، كېپىنەك، يىڭناغۇچ، چېكەتكە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. كېپىنەكلەر ئىچىدىكى ئاق، سېرىقلىرى كىچىك ھەم سەت ئىدى. چىرايلىقى يوغان قىزىل كېپىنەك بولۇپ، قاناتلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەندەك پارقىراپ تۇراتتى. يىڭناغۇچمۇ ئالتۇن رەڭلىك، چېكەتكىلەر بولسا يېشىل ئىدى. تۈكلۈك ھەسەل ھەرىلىرى بىرەر گۈلگە قونۇپ، توپتەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالىدىغان بولسا خېلىغىچە مىدىرلىمايتتى.

باغ يورۇق بولغاچقا، قىزىلى قىزىلچە، يېشىلى يېشىلچە ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ باغدا بۇرۇن مېۋىلىك دەرەخ بار بولۇپ، مومامنىڭ ئۆچكىلىرى غاجىلاپ قۇرۇتۇۋەتكەنىكەن. ئېسىمنى تاپسام، ئۇ باغدا بىر تۈپ گىلاس بىلەن بىر تۈپ نەشپۈتلا قاپتىكەن. گىلاس بىلەن نەشپۈت ئانچە مېۋە بەرمىگەنلىكتىن، يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. باغدا يەنە بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ بارلىقىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ باغنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە ئىدى. شامال چىقسا تۈنجى بولۇپ شۇنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلايتتى، يامغۇر ياغسا تۈنجى بولۇپ شۇنىڭدىن تاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. كۈن چىققان چاغلاردا ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى بەئەينى قۇم ساھىللاردىكى سەدەپ قۇلۇلىرىدەك ۋالىلدايتتى.



بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى شياۋ خۇڭ، ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

بوۋام كونىبويى باغدىن چىقمايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئارىلاپ يۈرەتتىم. بوۋام يوغان چىغ قالپاق، مەن كىچىك چىغ قالپاق كىيىۋالاتتىم. بوۋام گۈل تىكسە گۈل تىكەتتىم، چۆپ يۇلسا چۆپ يۇلاتتىم. يېسىۋېلەك تېرىغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇقلارغا پۇتۇمدا ئۇدۇللۇق تويا كۆمۈپ چىڭداپ ماڭاتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرنى ئانچە ـ مۇنچە دەسسەپلا قوياتتىم شۇ. بەزىدە كۆمدۈم دەپ ئۇرۇقلارنى چېچىۋېتەتتىم.

بوۋام ئوتىغۇچتا ئوت ئوتىسا مەنمۇ ئوتايمەن دەپ تۇرۇۋالاتتىم. بىراق بەك كىچىك بولغانلىقتىن، ئوتىغۇچنى كۆتۈرەلمەيتتىم. بۇنداق چاغلاردا بوۋام ئوتىغۇچنىڭ سېپىنى چىقىرىۋېتىپ، بېشىنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى. مەن ئىتقوناق بىلەن تېرىقنى ئايرىيالمىغاچقا، ئىتقوناقنى چاپتىم دەپ تېرىقنى چېپىۋېرەتتىم.

بوۋام مەن چاپقان جايدا ئىتقوناق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورايتتى.

— تېرىق، — دەيتتىم مەن.

بوۋام قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىتقوناقنى يۇلاتتى ـ دە:

— كۈندە يەيدىغىنىڭىز مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

— ھەئە، — دەيتتىم مەن.

بوۋامنىڭ يەنە كۈلگىنىنى كۆرۈپ:

— ئىشەنمىسىڭىز ئۆيدىن ئاچىقىپ سىزگە كۆرسىتەي، — دەيتتىم.

ئاندىن ئۆيدىن بىر تال تېرىقنىڭ باشقىنى ئاچىقىپ، يىراقتىنلا بوۋامغا تاشلاپ:

— مانا، ئوخشاش تۇرمامدۇ؟ — دەيتتىم.

بوۋام مېنى يېنىغا چاقىرىپ، تېرىقنىڭ تىكىنى بولىدۇ، ئىتقوناقنىڭ بولمايدۇ، مۇنداقلا قارىسا ئىككىسى ئوخشاپلا كېتىدۇ، دەپ ئالدىرىماي چۈشەندۈرەتتى.

سەپسېلىپ قارىمايلا، ھەئە، شۇنداقكەن دەپ قوياتتىم. بۇ چاغدا يوغان بىر تەرخەمەككە كۆزۈم چۈشۈپ، ئۇزۇپ يېگىلى يۈگۈرەيتتىم. تەرخەمەكنى يەپ بولمايلا يوغان بىر يىڭناغۇچنىڭ قېشىمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەرخەمەكنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپاتتىم. يىڭناغۇچ شۇنداق تېز ئۇچىدىغان تۇرسا، قوغلاپ يېتەلەيتتىممۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاز-



راق قوغلاپ بېقىپلا يەنە ياشقا ئىشقا تۇتۇناتتىم. ئاۋۋال كاۋا چېچەكنى يۇلاتتىم، ئاندىن يېشىل چېكەتكىنى تۇتۇۋېلىپ پۇتىنى يىپتا باغلايتتىم. بىردەمدىن كېيىن قارىسام پۇتى تۇرغان، چېكەتكە ئۆزى يوق.

ئويناپ بولۇپ يەنە بوۋامنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ غەلۋە قىلغىلى تۇراتتىم. بوۋام كۆكتاتلارنى سۇغارسا مەنمۇ سۇغىرىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتىم. لېكىن سۇنى كۆكتاتقا قۇيماستىن ئاسمانغا چاچاتتىم - دە:

— يامغۇر ياغلاق! ئۆچكە ساغلاق! — دەپ قىيقاس - چۇقان سالاتتىم.

باغدا كۈن بۆلەكچىلا يوغان، ئاسمانمۇ ئاجايىب ئېگىز كۆرۈنەتتى. كۈچلۈك ئاپتاپتا كۆزنىمۇ ئاچقىلى بولمايتتى، سازاڭلارمۇ يەردىن، شەپەرەڭلەرمۇ قاراڭغۇ جايلاردىن چىقالمايتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، مۇنداق ئاپتاپتا ھەممە نەرسە ساغلام، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. چاۋاك چالسام دەرەخلەردىن ئەكس سادا قايتىدىغاندەك، ۋارقىرىسام ئۆدۈلۈمدىكى توپا تام ماڭا جاۋاب قايتۇرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

گۈللەر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن. قۇشلار كۆكتە راسا يايرىۋالماقچى بولغاندەك پۇر - پۇر ئۇچۇشۇۋاتقان. ھاشاراتلار گەپ قىلىۋاتقاندەك چىرىلدىشىپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە جانلىنىپ كەتكەن، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىشاتتى. نېمىنى ئالغۇسى كەلسە شۇنى ئېلىپ ئەركىن يايرىشاتتى: كاۋا پېلىكى تىيەككە ياماشقۇسى كەلسە تىيەككە، ئۆيگە ياماشقۇسى كەلسە ئۆيگە يامىشاتتى؛ تەرخەمەك چېچەكلىگۈسى كەلسە چېچەكلەپ، مېۋىلىگۈسى كەلسە مېۋىلەيتتى؛ مېۋىلىگۈسى كەلمىسە بىر تالمۇ مېۋە تۇتماي جىم تۇرۇۋالاتتى ھەم مېۋىلەيمۇ دەپ سوراپمۇ قويمايتتى. قوناقلار قانچىلىك ئۆسكۈسى كەلسە شۇنچىلىك ئۆسۈشەتتى. ئۆسكۈسى كەلمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. كېپىنەكلەرمۇ ئۆز ئىختىيارىچە ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ھېلى بىر جۈپ سېرىق كېپىنەك ئۇچۇپ كەلسە، ھېلى بىر تال ئاق كېپىنەك ئۇچۇپ كېلەتتى. ئۇلار زادى كىملەرنىڭ، زادى نەگە بارىدۇ، بۇنى كۈنمۇ بىلمەيتتى.

ئاسمان كۆك ھەم تىنىق، ئېگىز ھەم يىراق ئىدى.

بوۋامنىڭ ئۈستىدىن توپ - توپى بىلەن ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپئاق بۇلۇتلار ئۇنىڭ چىغ قالپىقىنى ماكچايتىۋەتمەكچى بولغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

ئويناپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئۆينىڭ تۆۋىدىكى سالقىن بىر جاينى تېپىپ، چىغ قالپىقىمنى يۈزۈمگە يېپىپلا ئۇخلاپ قالاتتىم. ياستۇق، كۆرپە دېگەنلەر ئېسىمگىمۇ كەلمەيتتى.

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## سوئال جۈملە

پارتىدىشىمىز بىلەن بىللە تۆۋەندىكى دىيالوگنى ئوقۇپ، بايان جۈملىنى ئايرىپ چىقايلى ھەمدە ھەربىر بايان جۈملىنىڭ ئالدىدىكى جۈملىلەردە ئوي - پىكىرنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئىسمىم قۇتلۇق.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— توققۇز ياشقا كىردىم.

— ئاتا - ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— دادام دوختۇر، ئانام ئوقۇتقۇچى.

**بىرەر ئىشنى سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر سوئال جۈملە دېيىلىدۇ.**

سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ. سوئال جۈملىلەرنى ئوقۇغاندا، جۈملىنىڭ ئاخىرى سەل كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ.

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1. تۆۋەندىكى دىيالوگنى ئوقۇپ، ئاۋۋال بايان جۈملە بىلەن سوئال جۈملىنى ئايرىپ، ئاخىرىغا تېگىشلىك تىنىش بەلگىسىنى قويۇڭلار. ئاندىن سوئال - جاۋاب شەكلىدە پارتىدىشىڭلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇڭلار:

— قورسىقى ئاچقان تۈلكە نەگە كىردى

— باغقا كىردى

— باغدا نېمىنى كۆردى

— باغدا مەي باغلاپ پشقان ئۇزۇملەرنى كۆردى
— ئۇزۇملەرنى يېيەلىدىمۇ
— ياق، ئۇزۇملەرگە بويى يەتمەي، ئۇزۇملەرنى يېيەلمىدى
— ئاخىرىدا تۈلكە قانداق قىلدى
— ئاخىرىدا تۈلكە: «بۇ ئۇزۇملەر تېخى پىشماپتۇ، توك ئۇزۇم چىشنى قامىتىدۇ» دېدى ۋە باغدىن چىقىپ كەتتى

2. تۆۋەندىكى بايان جۈملىلەرنى سوئال جۈملىگە ئۆزگەرتىڭلار:

1) مەن ھەر كۈنى سائەت ئالتىدە ئورنۇمدىن تۇرىمەن.

2) ئاپام بوش ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

3) باللار ھايۋانات باغچىسىغا باردى.

ئۈلگە: ئاكام بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ بولدى.
ئاكام بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدىمۇ؟

3. «ئوغۇل بالا» دېگەن تېكىستتىكى سوئال جۈملىلەرنى تېپىپ، چىرايلىق كۆچۈرۈڭلار.



# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

### ئاغزاكى ئالاقە

### ئۇنتۇلماس بالىلىق

بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەر نېمىدېگەن چىن ۋە قىزىقارلىق ـ ھە! چوقۇم گۈزەل بالىلىق چاغلىرىڭلارنى ئەسلەتتىغۇ دەيمەن. «ئوقۇپ تۈگەتكۈسىز زور كىتاب»، «بالىلىقتىكى بايقاش»، «ئوغۇل بالا» دېگەن بۇ تېكىستلەر سىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغان ھەمدە ئىلگىرىكى ئىشلىرىڭلارنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇھ-



كىن... ئۇنداقتا بالىلىق چاغلىرىڭلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ بېقىڭلار. سۆزۈڭلار ئېنىق، كونكرېت بولسۇن.

## يېزىقچىلىق مەشقى



يۇقىرىقى رەسىمنى كۆزىتىپ، پېرسوناژلارغا دىققەت قىلىڭلار. ۋاراتارنىڭ ئۆز ئورنىدا قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەيدان سىرتىدىكى كۆرۈرمەنلەرنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىنى قانداق كۆرۈۋاتقانلىقىنى ياخشى كۆزىتىپ، مۇسابىقىنىڭ جىددىي، كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئاندىن كۆرگەن، ئويلىغانلىرىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار. مەزمۇنى كونكرېت، سۆز - جۈملىلىرى راۋان بولسۇن. ماۋزۇنى ئۆزۈڭلار قويۇڭلار.

ئەگەر رەسىمگە قاراپ يېزىشنى خالىمىساڭلار، بالىلىقتىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى يازساڭلارمۇ بولىدۇ. يېزىشتىن ئاۋۋال، بالىلىقىڭلاردا چۈشكەن سۈرەتلىرىڭلارنى كۆرۈپ چىقساڭلارمۇ، ئاتا - ئاناڭلار ياكى ھەمراھلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە قىلغان ئىشلىرىڭلارنى يازساڭلارمۇ بولىدۇ... ۋەقە جەريانى ئېنىق، تەسىرات چىن بولسۇن. يېزىپ بولۇپ، باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىڭلار، ئاندىن چاغلىرىڭلار ئەقىلگە مۇۋاپىق پىكىرگە ئاساسەن تۈزىتىپ چىقىڭلار.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

### ئالاقە سەھنىسى

**قۇتلۇق:** مەن بۇ بۆلەكتىكى تېكستلەرنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم، تېكستلەردە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار تۇرمۇشقا يېقىن بولۇپلا قالماي، بەك يېقىملىق تۇيۇلىدىكەن.

**چۈغلۇق:** ھېس قىلىشىمچە، تېكستلەردە ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ ئاپتورلارنىڭ يازغىنى تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار بولۇپ، چىن تەسىراتىنى ئىپادىلىگەن.

**قۇتلۇق:** تېكستلەرنى ئوقۇغاندا، شۇ چاغدىكى ھېسسىيات ۋە مەنزىرىگە كىرىپ تۇرۇپ، ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ھېس قىلىشىمىز، شۇنداقلا بۇنى تېكستلەرنى ھېسسىياتلىق ئوقۇش ئارقىلىق ئىپادىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، «ئوغۇل بالا» دېگەن تېكستتە، ئاكىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەقىقىي جىگەرلىك ئوغۇل بالىغا خاس خاراكتېرى ئاپتورغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئاپتورنىڭ ئاكىسىغا بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

**چۈغلۇق:** بۇ تېكستلا ئەمەس، بۇ بۆلەكتىكى ھەر بىر تېكىست يەنە بىر قېتىم ھېسسىياتلىق ئوقۇپ چىقىشىمىزغا ئەرزىيدىكەن.



يادلىۋالاي

### تىل خەزىنىسى

- نادان كىشى ئۆزىگە قىلغاننى ئەقىللىك كىشى دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ.
- خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەي دېسەڭ، خەلققە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل.
- بىلىش كېرەككى، ياخشىلىق ھەرگىز زايە كەتمەيدۇ، يامانلىقمۇ جازاسىنى تارتماي

قالمايدۇ.

- ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، يامانلىق قىلىشتىن ساقلان.
- ئەدەپنىڭ يۇقىرى پەللىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر.
- ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلمىغان پەرزەنتلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىشقا لايىق ئەمەس.

(«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابتىن)



## ئوقۇپ باقاي

كىتابخانا ۋە كۇتۇپخانىلارنى ئارىلايدىغان بولساق، بالىلار كىتابلىرىنىڭ ئىشكاپلاردا تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بالىلار نۇسخىسى، بەزىلىرى مەخسۇس بالىلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن رومانلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئۆسۈپ ـ يېتىلىش ھاياتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىيوگرافىك رومانلارمۇ بار. بۇ رومانلاردا مەزكۇر شەخسلەرنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كەچمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇلارنى ئوقۇسىڭىز ئىرادىڭىز كۈچىيىپ، ئوي ـ پىكىرلىرىڭىز تاۋلىنىپ، ھېس ـ تۇيغۇڭىز موللىشىپ، مەنىۋى جەھەتتە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىسىز.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى ۋە داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ بالىلىق ھاياتى تەسۋىرلەنگەن كىتابلار ئىنتايىن كۆپ، تېپىپ ئوقۇپ باقايلى.



# تىل سەنئىتى

تىل ئارقىلىق باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىمىز. ئىخچام، جايىدا ئىپادىلىگەن ئوي - پىكرىمىز باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئوبرازىمىزنى تىكلىسە، پاراسەت ۋە ماھىرلىق بىلەن قىلىنغان سۆزلىرىمىز مۇھىم تەدبىرىمىز سۈپىتىدە باشقىلارنى قايىل قىلىدۇ. قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق سۆزىمىز بولسا باشقىلارنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆڭلىگە شادلىق بېغىشلايدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا تىل سەنئىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ باقايلى، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ئارقىلىق تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرايلى ھەم تىلنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى.



## 9 سۆز ئويۇنلىرى

### مەندىن قورقىدۇ

بىر كۈنى ئامبال سەلەي چاققاننى گەپكە سېلىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان ئۆيگە كىرىشىگە ئامبالنىڭ كارىۋىتى ئاس-تىدا ياتقان بىر ئىت هاۋشىغان پېتى كېلىپ سەلەي چاققاننىڭ پاچىقىغا ئې-سىلىپتۇ. سەلەي چاققانلىق بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپكەنىكەن، ئىت يۇمىلىغان پېتى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ،



قورقۇپ «غىڭ» قىلالماي قاپتۇ.

— ھە، سەلەي، سەلەي دەپ قويساق نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ؟ — دەپتۇ ئامبال ئاچچىقلىنىپ، — يۈز - خاتىرە قىلايمۇ دېمەيسەنغۇ؟ سەن زادى ھېچ-كىمدىن قورقمامسەن؟!

— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان. كارىۋاتتا ياتقان ئامبال ئۈنىڭ تۇز-جى جاۋابىغا قىزىقىپ، ياستۇقتىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە سوراپتۇ:

— ئۇنداقتا كىمدىن قورقىسەن؟

— پاششاپتىن.

— پاششاپ كىمدىن قورقىدۇ؟

— بەگدىن.

— بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟

— ئامبالدىن.

ئامبال گەپنىڭ ئاخىرى نەگە باراركىن دەپ سوراۋېرىپتۇ:

— ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟

— ۋاڭدىن.

— ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ؟

— خاندىن.

— خان كىمدىن قورقىدۇ؟

— تەتەيدىن.

— تەتەي كىمدىن قورقىدۇ؟

— ئەسكى تامدىن.

— ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

— چاشقاندىن.

— چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟

— مۈشۈكتىن.

— مۈشۈك نېمىدىن قورقىدۇ؟

— ئىتتىن.

— ئىت نېمىدىن قورقىدۇ؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەلەي چاققان ئالدىرىماي بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ:

— ئىت مەندىن قورقىدۇ، — دەپ كارىۋات ئاستىنى كۆرسىتىپتۇ.

# يولدىكى سۆھبەت

زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ بولغان زامانلاردا يۇرت كېزىپ ساياھەت قىلدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاقسارايلىق بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ھوي! — دەپ قىچقاردى ئۇ.

— ھە! — دېسەم، ئۇ:

— نېمىگە ھۆركىرەيسەن؟ — دېدى.

— ئېتىمنى قىچقارغان بولسىلا، يا خوش دەيتتىم، يا بولمىسا لەببەي دەيتتىم. ئۆزلىرىنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدىم مەن.

— ئېتىم ئابدۇجاپپار، توختاپ تۇرغىنا، سەندىن سوراپ باقاي، سەن قانداق ئادەم؟ — دېدى ئۇ.

— ئاغزىم ئاش يۇقى، كۆزۈم ياش يۇقى، ئالدىمغا ئېگىشەڭگۈ، كىشىگە كېلىشەڭگۈ، پۇتۇم ئاچا، قورسىقىم قاچا بەندىمەن، — دېدىم مەن.

ئابدۇجاپپار بازار تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ كۆرۈنگەنلەر نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— يوغىنى ئادەم، كىچىكى بالىچاق. ئۇزۇنى ئارغامچا، كالتىسى بويۇنچاق. سېمىزى ئامبال، ئورۇقى دوغىچاق، — دېدىم مەن.

— بىرەر ھۈنىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇجاپپار.

— ئۆزۈم باققالمەن، قوغۇننى پىچىپ يېمىگۈچە توڭ-پىششىقلىقىنى ئۇقمايمەن. بىر كۈنى كېتىۋېتىپ، بىر قوغۇنلۇققا كىرىپ قاپتىمەن. قارىسام، قوغۇنلار سايدىكى تاشتەك، بەزىسى تەكىيەدەك، بەزىسى ماشتەك تۇرۇپتۇ. قويىنۇمغا سالدىم بىر يۈز ئەللىكنى، تەلپىكىمنىڭ قاسقىنىغا سالدىم بىر يۈز ئەللىكنى، چىشىمنىڭ كاۋىكىغا يوشۇردۇم بىر يۈز ئەللىكنى، قۇلىقىمنىڭ تۆشۈكىگە تىقتىم بىر يۈز ئەللىكنى. يانچۇقۇمغا سالغىنىم بىلەن ھەممىنى قوشۇپ باقسام، بىر كەم مىڭنى ئاپتىمەن. ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ بىر قولۇمدا قوغۇننى پىچقىلى، بىر قولۇمدا يېگىلى تۇردۇم. پىچقىلى تۇردۇم، يېگىلى تۇردۇم. يەنە پىچاي دەپ قارىسام، توققۇز يۈز توقسان توققۇز قوغۇندىن بىرىمۇ قالماپتۇ.

---

بۇ تېكىست «مىراس» ژۇرنىلىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

— توۋا، نەپسىڭ بالا ئىكەنغۇ سېنىڭ! گېپىڭنىڭ ئايغىنى دېگىنە، كېيىن نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئابدۇجاپپار.

— قوغۇنغا قورساق تويامتى، ئابدۇجاپپار، — دېدىم مەن، — نان سېغىنىپ كېتىۋاتسام، كۆڭلۈمدىكىنى تاپىدىغان بىر ئاغىنەم ئۇچراپ ئۆيىگە باشلىدى. ئاغىنەمنىڭ ئايالى ئالدىمغا داستىخان سېلىپ، ئاق نان ئۈستىگە زاغرا تىزىپ قويدى. زاغرىنىڭ قاتتىقلىرىنى تىتىپ - تىتىپ، گېلىمغا تۇرۇپ قالسا قو - شۇق بىلەن ئىتتىرىپ كانىيىمدىن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئالتە زاغرىنىڭ تۈگىشى قورسىقىمنىڭ تويۇشى بىلەن تەڭ كەلدى.

ئابدۇجاپپار ھەيرانلىقتا ياقىسىنى تۇتۇپ: «توۋا، توۋا!» دەپ كەتتى، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ يولنى چوقۇپ كەتتى. مېنىڭ ھېكايەممۇ مۇشۇ يەردە تۈگەپ كەتتى.





1. تېكستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ھەر خىل ئىنتوناتسىيەسىنى قانداق

ئىپادىلەپ ئوقۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىڭلار، ئاندىن تېكىستتىكى روللار بويىچە ئوقۇڭلار.

2. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

3. سەلەي چاققاننىڭ ۋاڭنى سۆزدە قانداق يەڭگەنلىكى، «مەن»نىڭ سۆزدە ئابدۇجاپپارغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقى توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىپ، ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭلار.

4. سەلەي چاققان كىم؟ «مەندىن قورقىدۇ» دېگەن تېكىستتىكى «مەن» قانداق كىشى؟ تېكىست مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

5. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىقارلىق لەتىپە - چۆچەكلەرنى توپلاپ، سىنىپتا ئوقۇپ بېقىڭلار ۋە سىلەرمۇ گەپ - سۆزدە چاققان، چېچەن بولۇشقا تىرىشىڭلار.

## ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش

بىز دائىم جايىدا ئىشلىتىلگەن، پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئىشلىتىپ تۇرىمىز، بۇنى بايقاش تولىمۇ مۇھىم. تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئىچىدىن ئۆزۈڭلار خالىغان بىرىنى تاللاپ، بەدىئىي ۋە جەلپكارلىقى يۇقىرى سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە توپلاڭلار، شۇنداقلا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار:

- ئۇيغۇر تىلىدا روشەن خاسلىققا ئىگە ئىدىيوم، ماقال - تەمسىللەر، ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە چاقچاق، كۇلدۇرگە، لەتىپە، ئېيتىشىشلار بار. شۇلار ئىچىدىن ئۆزۈڭلار قىزىقىدىغانلىرىڭلارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.
- ئاممىۋى سورۇنلاردا بىز دائىم ئەسكەرتىش، ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرىنى ۋە ئېلانلىرىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بەزى سۆزلەر بىرئاز قوپال بىلىنىدۇ. مەسىلەن، «چىمەنلىققا دەسسەش مەنئى قىلىنىدۇ». يەنە بەزى ئەسكەرتىش سۆزلىرى قىزىقارلىق بىلىنىدۇ. مەسىلەن، «مېنى دەسسىۋەتمەڭ، ئاغرىقتىن قورقىمەن». مۇشۇنداق سۆزلەرنى توپلاپ، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار، ئاندىن قىزىقارلىق، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغانلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.
- ئېيتىشىش، كۇلدۇرگە ياكى كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى ياخشى دىيالوگلارنى تاللاپ، تىلنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ھېس قىلىڭلار ھەم رول ئېلىپ ئويناپ بېقىڭلار.

كۆلدۈرگە ــ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەلۇم ھادىسە ۋە كەيپىياتنى يۇمۇرىستىك سۆز، قىزىقارلىق ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سەنئەت تۈرى. ئۇ ئەلنەغمە سەنئىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، دىيالوگ بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىرلىشىشى ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى.

تۆۋەندە بېرىلگەن كۆلدۈرگىنى ئوقۇپ، قانداق ۋەقەلىك سۆزلەنگەنلىكىنى ھەمدە پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاپ باقايلى. ئاندىن ئالغان تەسىراتىمىزنى سۆزلەيلى. بۇ ژانىرغا قىزىقساق روللارغا بۆلۈنۈپ ئويناپ باقساقمۇ بولىدۇ.

## 10* تېلېفون بېرىش

ئا: ھازىر ھەممە ئادەم تېلېفون ئىشلىتىدۇ.

ب: بۇنى كىم بىلمەيدۇ.

ئا: لېكىن، تېلېفون بەرگەندە بىر ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

ب: قايسى ئىشقا؟

ئا: گەپنى قىسقا قىلىشقا.

ب: بۇنى كىم بىلمەيدۇ!

ئا: ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە. سەن كۆرمىگەنمۇ؟ بەزى ئادەملەر تۇرۇپكىنى قولغا ئېلىۋالدىمۇ، بولدى، گېپى قاچان تۈگەر دەپ تىتىلداپ كېتىسەن.

ب: بۇ دېگىنىڭمۇ راست، شۇنداق ئادەملەرمۇ بار، يەنە كېلىپ ئازمۇ ئەمەس.

ئا: بۈگۈن كوچىدىكى ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدا شۇنداق بىر ئادەمنى كۆردۈم.

ب: ھە ـ ھە، ئۇ قانداق قىلدى؟

ئا: دوستىنى بىللە ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلماقچىكەن. ئەسلىدە بۇنى ئېيتىشقا بىر مىنۇتمۇ كەتمەيتتى.

ب: ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ ـ دە.

ئا: سەن ماسلىشىپ بەر، ئۇنىڭ قىلغىنىنى بىر دوراپ باقايلى... ھە، مانا، تۇرۇپكىنى ئېلىپ نومۇرنى باستىم. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى شىپ كېتىمۇ؟ ئەركىن ئەپەندى بارمىدۇ؟ ۋەي ـ ۋەي... گەپ قىلمايدىغۇ؟ ئوھۇ، تەستە ئالدى جۇمۇ! ... ۋەي، سىز ئابلامۇ؟

ب: ئابلا دېگەن كىم ئۇ؟

ئا: كەچۈرۈڭ، ئابلا ئەمەسمۇسىز؟ سادىرمۇ ـ يا؟

ب: تېلېفوننى خاتا بېرىپ قاپسىز، بۇ يەردە سادىر ئىسىملىك بىركىم يوق.

ئا: ئەمىسە، قادىرمۇسىز؟ بىلدىم، سىز قادىر ئىكەنسىز ـ دە. ئەھۋالىڭىز قانداق؟ ئۆي ـ ئىچى تىنچلىقمۇ؟...



ب: مەن قادىر ئەمەس.

ئا: ئەمىسە، سىز كىم؟ مەن كىم؟ ئاۋازىمدىن تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟ ئۇنچىۋالا يوغانچى بولۇپ كەتمىسىڭىز بولاتتى؟

ب: سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئىشىمنىڭ ئالدىراشلىقىدا مېنى گەپكە تۇتمىڭا. خوش، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم!

ئا: ياق ـ ياق، ئۇنچىۋالا قىلىشىپ كەتمەيلى، ناسىراخۇن. تاپالمىغان بولسىڭىز، مەن دەپ بېرەي. مەن ھېلىقى قۇناخۇن.

ب: قۇناخۇن ئەمەس، قۇمئاخۇنكەنغۇ بۇ ئەزمە... ھەي، ئاداش، نېمانداق قىلىسىز؟ ئەمدى مېنى ناسىراخۇن دېگىلى تۇردىڭىزغۇ؟ ئادەمنى تونۇمىغاندىكىن، تېلېفون قىلىپ ئادەمنى گالۋاڭ قىلماي ئىشىڭىزنى قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

ئا: ھەي ـ ھەي، يەنە خاتا دەپ قويدۇممۇ؟ ئىلگىرى تونۇمىغان بولسام، ئەمدى تونۇۋالسام



بولىدىغۇ؟ ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم دەڭا. خاپا بولماي جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭا. (بوتكا سىرتىغا قاراپ) نېمانداق ئىشارەت قىلىشىۋېرىسىلەر؟ تېلېفون بېرىمىز دەمسىلەر؟ شۇنچە چوڭ شەھەردە مۇشۇ بىرلا تېلېفون بارمىدى؟ ئۈچ بېكەت نېرىغا بارساڭلار يەنە بىر تېلېفون بوتكىسى بار. تېلېفوندا سۆزلەشىۋاتقان ئادەمنى ئالدىرىتىپ ئەدەپسىزلىك قىلغۇچە، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇرساڭلار بولمىدىمۇ؟... ۋەي - ۋەي، كەچۈرۈڭ، ساقلىتىپ قويدۇم. قارىماسىز، بوتكىنىڭ سىرتىدا ئىككى بەندە ھەدەپ ئىشارەت قىلىپ مېنى ئالدىراتقىلى تۇردى. قىزىق ئادەملەر - دە، بۇ! ... ھە، بايا نېمە دېيىشىۋاتاتتۇق؟ ھە، يادىمغا كەلدى. ئىلگىرى تونۇشمىغان بولساق، ئەمدى بولسىمۇ تونۇشۇپ قويايلى... تونۇشقۇم يوق دېدىڭىزما؟... ئاچچىقىڭىز يامان ئوخشىمامدۇ؟ بوپتۇ، بوپتۇ، تونۇشمىسام تونۇشماي. خاپا بولماي ئازاتنى چاقىرىپ قويۇڭا.

ب: ئەمدى ئازات دېگەن بىرى پەيدا بولدىغۇ؟!

ئا: ياق - ياق، ئازنىباقى دېمەكچىدىم. ئازنىباقىنى چاقىرىپ قويسىڭىز بوپتىكەن.

ب: ۋاي - ۋۇي، ساڭا ماسلىشىپ بېرىمەن دەپ، ئەجەب چارچاپ كەتتىم. بولدى، بولدى، ئۆزۈڭ سۆزلىشىۋال ئەمدى!

ئا: سەل چىداپ بەرسەڭ بولاتتى، قىلمىدىغان گېپىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان، بىر سائەت تەخىر قىلساڭ تۈگەيتتى.

ب: ياق، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!

ئا: ۋاي چىدىماس، بوپتۇ، ئۆزۈم سۆزلىشەي. ۋەي، ئازنىباقى، بۇ مەن. تونۇدىڭىزمۇ؟ تونۇيالمىدىم؟ ھوي، مەن قۇناخۇن ئەمەسمۇ! ھە - ھە، ئەمدى يادىڭىزغا كەلدىمۇ؟ مۇنداق ئىش ئىدى، بۈگۈن كەچتە خەلق تىياتىرىدا ئويۇن بار ئىكەن دەڭا. ئىككى بېلەت ئالغانىدىم. ھەربىرى 40 كوي ئىكەن دەڭا. 100 كوي بەرسەم، بېلەتچى 20 كوي ياندۇرۇپ بەردى.

ب: ھېساباتقا چۈشتىغۇ بۇ ئاداش.

ئا: نېمە ئويۇنكەن دەمسىز؟ ئۆزىڭىز تېپىپ بېقىڭا! ياق، تاپالمىدىڭىز، ياق، يەنە تاپالمىدىڭىز؟ بولدى، مەنلا دەپ بېرەي. دىراما! قانداق، بولامدىكەن؟ ئاخشام بىر ئاغىنەم كۆرۈپتىكەن. بەك قىزىق دەيدۇ. بىر ناخشىسى باردەك، بەك قىزىق... ئاغىنەم غىڭشىپ بېرىۋىدى، مەنمۇ ئۆگىنىۋالدىم.

ب: ئەمدى ناخشا ئېيتىدىغان بولدى بۇ ئەزمە!

ئا: ئۇنداق قىلماي ئاڭلاپ بېقىڭا! (بوتكا سىرتىغا قاراپ) هوي، نېمانداق قىدىلىسەن، ئادەمنى تېلېفوندا سۆزلەشكىلى قويساڭ بولمامدۇ؟ هېلى بىكا! ... ئازنىساقى، ئازنىباقى، سىزنى دېمىدىم، ماۋۇ يەردە بىرى... مانا ئېيتتىم ئەمىسە.

ئاق تېرەككە ياغاق چۈشتى،
كۆك تېرەككە ئالمىلار.
ناخشا ئويناپ، ئۇسسۇل چېلىپ،
كۆڭۈل ئاچتى بالىلار.
......

قانداق، ئازنىباقى، قىزىقمىكەن؟ چوقۇم كېلىڭ، تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە يولىڭىزغا قارايمەن.

ب: ئەمدىغۇ گېپى تۈگىگەندۇ بۇنىڭ!

ئا: سائەت قانچىدىكەن دەمسىز؟ دەل يەتتە يېرىمدا! ھازىر سەككىز يېرىم بولدى دەمسىز؟ نېمە؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ مەن سىزگە تېلېفون بەرگەندە سائەت ئاران ئالتە يېرىم بولغان ئىدىغۇ؟ چاقچاق قىلماڭا... توختاپ تۇرۇڭ، سائەتمگە قاراپ باقاي. ۋاي - ۋاي، راستتىنلا سەككىز يېرىم بولۇپ كېتىپتىغۇ؟! ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

ب: خوپ بولدى تازا!

ئا: بولدى، دىرامىنى باشقا كۈنى كۆرەرمىز. مەن ھازىر بېرىپ بېلەتنى سېتىۋېتەي.

ب: ۋاقتى ئۆتكەن بېلەتنى كىممۇ ئالار؟

ئا: شۇنداق قىلاي. ئاندىن يەنە سىزگە تېلېفون قىلىمەن. ئويۇننى كۆرەلمىگەندىكىن، تېلېفوندا بولسىمۇ پاراڭلىشايلى. قانداق دەيسىز؟ ياق دەمسىز! ئۇنداق قىلمىڭا! ھوي، تېلېفوننى قويۇۋەتتىڭىزغۇ! ھالىنى كۆرۈڭ بۇنىڭ!

ب: ھېلىمۇ شۇنچە چىدىدى ئۇ. مەن بولسام ئاللىبۇرۇن تېلېفوننى تاشلىۋەتكەن بولاتتىم.

ئا: قانداق، قامىلاشتۇردۇممۇ؟ ھېلىقى ئادەم مۇشۇنداق ئىش قىلدى قارا.

ب: دېمەك، تېلېفون بېرىشتىمۇ ئەدەپ - ئەخلاققا دىققەت قىلىش كېرەك ئىكەن - دە!

ئا: ئەلۋەتتە، شۇنداق!

# 11 يېرىم شام

**ۋاقتى:** 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى.

**ئورنى:** فىرانسىيە، بىرودىي خانىمنىڭ ئۆيى.

**پېرسوناژلار:** بىرودىي خانىم (فىرانسىيەلىك ئائىلە ئايالى)

ژاك (بىرودىي خانىمنىڭ ئوغلى)

ژىنگۆلىن (بىرودىي خانىمنىڭ قىزى)

ئۈچ گېرمان ئوفىتسېرى (بىرى مايور، ئىككىسى لېيتىنانت)

[قىش كۈنى، سىرتتا شىۋىرغان ھۇشقۇيتماقتا. بىرودىي خانىمنىڭ ئۆيى خىرە يورۇپ تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرغان بىرودىي خانىم بىر مېتال نەيچىنى يېرىمى كۆيۈپ بولغان شام ئىچىگە تىقىپ قويىدۇ]

**بىرودىي خانىم:** مۇشۇ يەرگە تىقىپ قويسام، ئۆلگۈر گېرمانلار تېپىۋالال-ماس.

**ژىنگۆلىن:** (ئاغزىدىكى كەمپۈتنى شۈمىگەچ، سەبىيلەرچە سورايدۇ) ئاپا، ئۇ نېمە؟

**بىرودىي خانىم:** (جىددىي تۇستە) ئۇ مۇھىم بىر مەخپىيەتلىك، قوزام. ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتىشقا بولمايدۇ، جۇمۇ.

**ژاك:** بىلدىم، كېلەر سەيشەنبە مىد تاغام كەلگۈچە ئۇنى ئوبدان ساقلىشىمىز كېرەك ئىكەندە؟ (سەل كۆرەڭلىگەن ھالدا سىڭلىسىغا قاراپ قويىدۇ)

**ژىنگۆلىن:** (تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ) مەنمۇ بىلىمەن. مىد تاغام ماڭا بەك ئامراق، بۇگۈن ئۇ ماڭا يەنە كەمپۈت ئەكەپتۇ. ئاپا، مىد تاغام نېمىشقا گېرمانچە كىيىنىۋالىدۇ؟

[بىرودىي خانىم بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى يېرىم شامنى شامدانغا قويۇپ، شامداننى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىغا سۈرۈپ قويىدۇ]

**بىرودىي خانىم:** ژاك، ژىنگۆلىن، بەزى ئىشلارنى سىلەرگە كېيىنچە چۈشەندۈرۈپ قوياي. شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار: بۇ شامدا ئىنتايىن مۇھىم بىر-

---

بۇ تېكىستتىن جى شياۋجىاڭ ئۆزگەرتىپ يازغان.



نەرسە بار. ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. كۈنلەرنىڭ بى-رىدە گېرمان قاراقچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ھەرقانداق بەدەل تۆ-لەشتىن يانماي ئۇنى قوغدىشىمىز لازىم. بىلدىڭلارمۇ؟

**ژاك:** (خۇددى يىگىتلەردەك كۆكرىكىنى كېرىپ) خاتىرجەم بولۇڭ، ئاپا.

**ژىگولىن:** (بېشىنى لىڭشىتىپ) ئاپا، بىلدىم. مەن گېرمان ئالۋاستىلارغا بەك ئۆچ.

**بىرودىي خانىم:** (شامدانغا تىكىلگىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيدۇ) ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەكمۇ، ھەتتا جېنىمىز كەتسىمۇ مەيلى.

[ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۈچ گېرمان ئوفىتسېرى تەكشۈرگىلى كىرىدۇ. سىرتتىكى شىۋىرغان ئۇلارنى بىزار قىلغان بولسا كېرەك، ئۇلار تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.]

**لېيتېنانت ئا:** ئۆي ئىچى نېمانداق قاراڭغۇ؟ نېمىشقا شام ياندۇرمايسىلەر؟ (لېيتېنانت ئا مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغان شامنى ياندۇرىدۇ)

**بىرودىي خانىم:** (دەرھال بىر جىنچىراغنى ئېلىپ كېلىدۇ) ئەپەندىلەر، كە-چۈرۈڭلار، چىراغ يېقىشنى ئۇنتۇپتىمەن. بۇ چىراغ شامغا قارىغاندا بەكرەك يورۇيدۇ. شامنى ئۆچۈرۈۋېتەي. (شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرىدۇ)

**لېيتېنانت ئا:** (تېرىككەن ھالدا) بۇنداق قاراڭغۇلۇقتا بىرەر تال شام ئارتۇق

يېقىلسا، نېمە بوپتۇ؟ (كۆيۈپ مېتال نەيچىگە كېلەي دەپ قالغان شامنى يەنە ياندۇرىدۇ) مانا، تېخىمۇ يورۇق بولدى، شۇنداقمۇ؟

**ژاك:** (ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە ئۇستەل يېنىغا بېرىپ شامداننى كۆتۈرىدۇ) ئۆي ئەجەب مۇزلاپ كەتتىا. ئەپەندىلەر، قازناق ئۆيدىن ئازراق ئوتۇن ئېلىپ چىقىپ، ئوتنى ئۇلغايتىپ قويايلى ــ ھە.

**لېيتنانت ب:** (قاتتىق ئاۋازدا) شامنى ئالمىساڭ ئەكىرەلمەمسەن؟ (شامنى تارتىۋالىدۇ)

[ژاك ئىلاجسىز ئوتۇنغا چىقىپ كېتىدۇ]

**بىرودىي خانىم:** (چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن تەمكىن سۆزلەيدۇ) ئەپەندى، قازناق ئۆي بەك قاراڭغۇ ئىدى...

**لېيتنانت ب:** (بىرودىي خانىمغا قاراپ قويۇپ، نارازى بولغان ھالدا) خانىم، بۇ ئۆي ئۆزۈڭلارنىڭغۇ، ئوغلىڭىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تېنەپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. ئۇ ئوتۇن ئاچچىقىدىغۇ، توشقان تۇتۇپ چىقماس؟

[شام كۆيۈپ بارغانسېرى قىسقىرايدۇ. ژىگۈلىن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىر ئەسنىگىنىچە مايورنىڭ ئالدىغا بارىدۇ]

**ژىگۈلىن:** قوماندان ئەپەندى، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇستۇنكى قەۋەت قاراڭغۇ، شامنى ئېلىپ، ئۆيۈمگە چىقىپ ئۇخلىسام بولامدۇ؟ (ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆ-



زى شام يورۇقىدا تولىمۇ ئوماقلىشىپ كېتىدۇ)

**مايور:** (ئۇنىڭ دومساق يۈزىگە قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ) ئەلۋەتتە بولىدۇ، قىز - چاق. مېنىڭمۇ سەنچىلىك بىر قىزىم بار، ئىسمى لۇئىس، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش بەك ئوماق.

**ژىگۈلىن:** (تاتلىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا) مېنىڭچە، قىزىڭىز سىزنى بەك سېغىنىدى، ئەپەندىم. سىز بىلەن پاراڭلىشىش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىكەن. ئەمما كەچۇرۇڭ، بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى.

**مايور:** ئەمىسە، خەيرلىك كەچ قىزچاق.

**ژىگۈلىن:** خەيرلىك كەچ، ئەپەندىلەر، خەيرلىك كەچ ئاپا.

**بىرودىي خانىم:** (مېھرىبانلىق بىلەن) خەيرلىك كەچ قوزام.

ژىگۈلىن قىلچە تەمتىرىمەستىن پەلەمپەيگە چىقىدۇ. ئۇ پەلەمپەينىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەشتىقىغا قەدەم قويغاندا شام ئۆچىدۇ.



1. تېكستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2. تېكستتە بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جىددىي پەيتتە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان تەسىرلىك ۋەقەلىك ئارقىلىق قانداق خاراكتېرى يورۇتۇپ بېرىلگەن؟ سىلەر بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟

3. تېكستتىن سەھنە ئەسىرى بىلەن ئادەتتىكى ئەسەرلەرنىڭ قانداق ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرى بارلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ھەمدە سۆزلىشىپ بېقىڭلار.

4. شارائىتىڭلار يار بەرسە، بۇ سەھنە ئەسىرىنى سىنىپتا ئورۇنلاپ، رول ئېلىش ماھارىتىڭلارنى سىناپ كۆرۈڭلار.

## 12△ يەنزىنىڭ چۇ بەگلىكىگە ئەلچىلىككە بېرىشى

ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چى بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكىنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا كۈچلۈك بەگلىكلەردىن ئىدى.

بىر كۈنى چى بەگلىكىنىڭ بېگى ۋەزىرى يەنزىنى چۇ بەگلىكىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. چۇ بېگى ئۆز ئېلىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش مەقسىتىدە يەنزىنى مازاق قىلماقچى بوپتۇ.

چۇ بېگى يەنزىنىڭ پاكارلىقىنى بىلگەچكە، سېپىل قوۋۇقىنىڭ قېشىغا پاكار بىر تۆشۈك تەشكۈزۈپتۇ. يەنزى كەلگەندىن كېيىن قوۋۇقنى ئەتكۈزۈپ، يەنزىنى ئاشۇ تۆشۈكتىن كىرگۈزمەكچى بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنزى ئالدىغا چىققۇچىلارغا:

— بۇ دېگەن ئىت كىرىپ چىقىدىغان سۈڭگۈچ ئىكەن، ئۇنىڭدىن پەقەت «ئىت بەگلىكى»نى كۆرگىلى كەلگەنلەرلا كىرىدۇ. مەن بۇ يەردە بىر دەم ساقلاپ تۇراي، سىلەر كىرىپ، چۇ بەگلىكى زادى قانداق بەگلىك، سوراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار دەرھال بۇ گەپنى چۇ بېگىگە يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چۇ بېگى قوۋۇقنى ئاچقۇزۇپ يەنزىنى قوبۇل قىپتۇ.

يەنزى چۇ بېگى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. چۇ بېگى ئۇنىڭغا مەنسىتمەي سوغۇق كۈلۈپ:

— چى بەگلىكىدە ئادەم يوقمىدۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دەپتۇ يەنزى جىددىي تۇستە، — ئاستانىمىزلىنزىدا ئادەم دېگەن توشۇق. ئادەملىرىمىز يەڭلىرىنى شۇنداق كۆتۈرىدىغان بولسا توپ - توپ بۇلۇتقا، باش - كۆزىدىن ئاققان تەر يامغۇرغا ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن ماڭسىمۇ بىر - بىرىنى مۈرىدىشىپ، پۇتلىرى بىر - بىرىگە تاقىشىپ تۇرىدۇ.

— ئادەم شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئەجەب ئادەم تېپىلمىغاندەك سىلىنى ئەۋەتىپتىغۇ؟ — دەپتۇ چۇ بېگى.

— بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىكىم تەس بولدى، — دەپتۇ يەنزى قەستەن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولۇپ، — يالغان گەپ قىلسام بېگىمنىڭ جازالىشىدىن قورقىمەن. راست گەپ قىلسام خاپا بولۇپ قېلىشلىرى مۇمكىن.

— قېنى راست گەپنى ئېيتسىلا، خاپا بولمايمەن، — دەپتۇ چۇ بېگى.

يەنزى قوللىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— پېقىرنىڭ يېرىدە ئېسىل بەگلىكلەرگە ئېسىل ئادەملەرنى، پەس بەگلىكلەرگە پەس ئادەملەرنى ئەۋەتىدىغان قائىدە بار. مەن بولسام ئەڭ يارىماس. شۇ سەۋەبتىن بۇ جايغا ئەۋەتىلگەنمەن.

يەنزى شۇنداق دەپتۇ - دە، قەستەن كۈلۈپ قويۇپتۇ، چۇ بېگىمۇ ئامالسىز ئەگىشىپ كۈلۈپتۇ.

چۇ بېگى زىياپەت راسلاپ يەنزىنى كۈتۈپتۇ. ئۇلار خۇشال - خۇرام يەپ - ئىچىۋاتقاندا ئىككى ياساۋۇل بىر ئەسىرنى ئالدىغا سېلىپ قەسىر تۈۋىدىن ئۆتۈپتۇ. چۇ بېگى ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن:

— ئۇ ئەسىرنىڭ گۇناھى نېمىكەن؟



نەنىڭ ئادىمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغرىلىق قىپتۇ، چى بەگلىكىنىڭ ئادىمىكەن، — دەپتۇ ياساۋۇللار.

— چى بەگلىكىدىكىلەر نېمانداق يارىماس، مۇشۇنداق ئىشنىمۇ قىلغان بارمۇ؟ — دەپتۇ چۇ بېگى يەنزىگە مەسخىرىلىك كۈلۈپ. چۇ بەگلىكىنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ بۇ گەپ بىلەن، ئەمدىغۇ يەنزىنىڭ يۈزى قىزىرار، دەپ غەرەزلىك كۈلۈشۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن يەنزى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ـ دە:

— بەگ ئالىيلىرى، ھېلىغىچە بىلمەي يۈرەملا؟ خۇەينەننىڭ سىتروس مېۋىسى چوڭ ھەم تاتلىق كېلىدۇ. لېكىن ئۇ خۇەيبېيغا تىكىلسىلا مېۋىسى كىچىك ھەم ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ سۇ ـ تۇپراققا مۇناسىۋەتلىك. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، چى بەگلىكىدىكىلەر چى بەگلىكىدە ئۆز كەسپىنى قىلىپ، ئەمگەك بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشايدۇ. لېكىن ئۇلار چۇ بەگلىكىگە كېلىش بىلەنلا ئوغرىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇمۇ ئىككى بەگلىكنىڭ سۇ ـ تۇپرىقىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن چۇ بېگى ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ ـ دە:

— مازاق قىلىمەن دەپ مازاققا قالدىما، — دەپ ساپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن چۇ بېگى يەنزىگە بىھۆرمەتلىك قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بوپتۇ.



# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## بۇيرۇق جۈملە

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە ئاساسەن تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق جاۋابنى تاللاپ يېزىڭلار:

1. دەرھال سەپكە تىزىلىڭلار! (　　　　)
2. ئاۋۇ كىتابنى ئېلىۋېتىڭە. (　　　　)
3. ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيلى! (　　　　)
4. قايتا بىر ئوقۇپ باقسىڭىز. (　　　　)

A. شوئار - چاقىرىق　　B. مەسلىھەت

C. ئۆتۈنۈش　　D. بۇيرۇق

**بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تىلەك، شوئار، چاقىرىق، مەسلىھەت، ئۈمىد قاتارلىق ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە دېيىلىدۇ.**

بۇيرۇق، شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يازغاندا ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

قولۇڭدىكى قۇشنى دەرھال قويۇۋەت!

ياشىسۇن، پۈتكۈل دۇنيانىڭ تىنچلىقى!

ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت، تىلەك مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر سەل پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يازغاندا ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا چېكىت (.) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

1. كىتابخانىغا بىللە بېرىپ كېلەيلىچۇ.
2. ئاشۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ ئوقۇپ باقامسىز.

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا مۇۋاپىق سۆز قويۇپ، بۇيرۇق جۈمە-

لىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار ھەم قايسى خىل مەندىكى بۇيرۇق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئېيە-
تىپ بېرىڭلار:

1) ساۋاقداشلار، سىنىپنىڭ تازىلىقىنى ____________________ !

2) مۇئەللىم، بۇ مەسىلىنى ماڭا ____________________ .

3) تۇرغان، خەتنى ____________________ !

2. تۆۋەندىكى بايان جۈملىلەرنى بۇيرۇق جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭلار:

1) ئەكرەم ياخشى ئويلاندى.

2) قەيسەر قەلىمىنى ماڭا بېرىپ تۇردى.

3) غېنى كىتاب ئوقۇدى.

ئۈلگە: ساۋاقداشلار دەرسكە كېچىكمىدى.

ساۋاقداشلار، دەرسكە كېچىكمەيلى!

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بۇيرۇق جۈملە تۈزۈڭلار:

ئوقۇش:

ئۆرلەش:



# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

### ئاغزاكى ئالاقە

#### نەسىھەت

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: دادىمىز تاماكىنى كۆپ چېكىدىغان بولغاچقا ئاپىمىز تاماكا تاشلاش توغرىسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا يېقىنلا يەردە ئەخلەت ساندۇقى بار تۇرۇقلۇق، دوستىمىز مېۋە شۆپۈكلىرىنى قالايمىقان تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ تىياتىرخانىدا كۆپچىلىك جىم ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقاندا، يېنىمىزدىكى ئىك-



كىيلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ قوشنىمىزنىڭ بالىسى مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئېلېكتىرونلۇق ئويۇن ئويناپ، تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەن سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن... شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن قانداق ئىشقا قارىتا نەسىھەت قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ باقايلى، ئاندىن قانداق نەسىھەت قىلغاندا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشەيلى. كىچىك گۇرۇپپىلار بويىچە پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، تەقلىدىي رول ئېلىپ باقساقمۇ بولىدۇ؛ كىمنىڭ نەسىھەتى ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى باھالاپ باقساقمۇ بولىدۇ.



## يېزىقچىلىق مەشقى

سىنىپ ھەيئەتلىرىنى قايتىدىن سايلىماقچى، سىز تۇرمۇش ھەيئىتى بولۇشنى ئويلىدىڭىز؛ «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمىلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە، سىز سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىڭىزغا ۋاكالىتەن قىسقا نۇتۇق سۆزلىمەكچى؛ مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن شاھمات مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدىڭىز، تەقدىرنامە ئالغاندا تەسىراتىڭىزنى سۆزلىمەكچى؛ ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە بېرىپ ھال سورىغاندا، سىز ساۋاقداشلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلماقچى... مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا سىز ئالدىن تەييارلىق قىلىپ، سۆزلەيدىغىنىڭىزنى يېزىۋېلىشىڭىز كېرەك.

نۇتقىڭىزنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، سايلام رىقابىتىگە تەييارلىغان نۇتقىڭىزدا، نېمە ئۈچۈن بۇ ئورۇننى تاللىغانلىقىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئەۋزەللىكى بارلىقى، ئەگەر سايلام رىقابىتىدە غەلىبە قىلسىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز ئۈچۈن قانداق مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقىڭىز قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىشىڭىز؛ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى نۇتقىڭىز قىزغىن، كەيپىياتنى كۆتۈرىدىغان بولۇشى كېرەك.

مەلۇم ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، بىر پارچە نۇتۇق يېزىپ چىقايلى. مەزمۇنى كونكرېت، ھېسسىيات چىن، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان بولسۇن. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، يەنە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ مەشىق قىلىپ باقساقمۇ بولىدۇ.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

### ئالاقە سەھنىسى

بۇ بۆلەكتە «يولدىكى سۆھ-بەت» دېگەن تېكىست بەك ياخشى ئىكەن، تېكىستتىكى «مەن»نىڭ جاۋابىغا ئىنتايىن قايىل بولدۇم. سىزچۇ؟

«يېرىم شام»دىكى قىزچاق بەك ئە-قىللىك ئىكەن. ئەمما ماڭا «تېلېفون بېرىش» دېگەن تېكىست بەكرەك ياقتى، چۈنكى تېكىستتىكى ئۇ ئادەم كۆپ سۆزلەيمەن دەپ ئىشىغا تەسىر يەتتى. شۇڭا سۆزلىگەندە قىسقا، مەزمۇنلۇق سۆزلىشىمىز، ئۇنى ھەرگىز دورىماس-لىقىمىز كېرەك ئىكەن.





سۆزىمىزنى باشقىلار چۈشەنگۈدەك قىلىپلا قالماي، يەنە ئىخچام سۆزلىشى-مىز، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويماسلى-قىمىز كېرەك ئىكەن.

بۇ بۆلەكنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆلدۈرگىنىڭ ئالا-ھىدىلىكىنى چۈشىنىۋال-دىم...

### تىل خەزىنىسى



**يادلىۋالاي**

كىشنى ئىشەندۈرمەن دەپ كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋەرسەڭ، ئۆز تىلىڭنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىسەن، شۇڭا ھەرقانداق سۆزدە ئىمكانىيەت قالدۇر.

● سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەس، تۈزىتىشكە ئىنتىلمەسلىكىڭ مەڭگۈلۈكتۇر.

● يالغان گەپكە ئۇخشايدىغان راست گەپنى ئېيتىشتىن ھەزەر ئەيلە.

### ئالاقە سەھنىسى

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىشتىكى تەلەپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈڭلار:



تۆتىنچى بۆلەك

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

مەيلى ئۇرۇش يىللىرى ياكى تىنچلىق يىللىرىدا بولسۇن، بىزنى تەسىرلەندۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يارقىن ئوبرازى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر بىزگە ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز بۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق تىللاردا داستان بولارلىق ئاشۇ ئىشلارنى بىلىۋالالايمىز ھەم چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز.

بىز بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئەسەرنىڭ بىزنى تەسىرلەندۈرىدىغان جايلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز، ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ھېس قىلىۋېلىشىمىز ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشىمىز لازىم. شارائىت يار بەرسە، ئەتراپىمىزدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھېكايىلەرنى توپلاپ، ئۆزئارا سۆزلىشىپ باقساقمۇ بولىدۇ.



# 13 ئاتا مېھرى

راست گەپنى قىلسام، دادام بىلەن ھەپتىلەپ ــ ئايلاپ بىللە قوي باقساممۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغۇم كەلمەيتتى. چۈنكى، دادامنىڭ چىرايى ئادەم يىرگەنگۈدەك سەت ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى. دادامنىڭ سول قولى جەينىكىدىن تارتىپ بېغىشىغىچە كەندىر شېخىدەك ئورۇق، سوغۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھۆررەك ــ ھۆررەك تېرىلەرنى شىلسە سۆگەت يوپۇرمىقىچىلىكمۇ گۆش چىقمايدىغاندەك ئىدى. پېشانىسىدىن باشلانغان تاتۇق خۇددى تىرنا سالغاندەك پۈتۈن يۈزىنى بويلاپ بويۇنلىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. يول ــ يول ئېرىق ھاسىل قىلغان تاتۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى بېغىر رەڭ، سۇس ھال رەڭ ئەتلەرگە، كۆكىرىپ تۇرغان تېرىلەرگە، قارا ــ قۇرا داغلارغا قارىسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. ئوڭ كۆزىنىڭ جىيەكلىرى قىپقىزىل تەتۈر ئۆرۈلۈپ، داۋاملىق ياشاڭغىراپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنى بىر كىمنىڭ ئالدىدا «دادام» دېيىشتىنمۇ نومۇس قىلاتتىم.

دادامنىڭ چىرايىنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئانامدىن تەكرار ــ تەكرار ئاڭلىغانمەن.

ــ بالام، داداڭ ئۆز ۋاقتىدا تەندۇرۇس، قاپقارا قويۇق قاشلىق، چوڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان جىگەرلىك ئادەم ئىدى، ــ دېگەنىدى بىر كۈنى ئانام، ــ ئۇ، ئاكاڭ ئاسىمقۇلنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئاشۇنداق بولۇپ قالغان.

تاغدا ماللارنىڭ ئەڭ يامان كۈشەندىسى ئادەمئېيىق ئىدى. ئۇ پات ــ پاتلا پەيدا بولۇپ ماللارغا زىيان سالاتتى. يېگىنىنى يەپ، يېمىگىنىنى بوغۇۋېتىپ كېتەتتى.

بىر كۈزلۈكى ماللارغا كۆنۈۋالغان بىر ئادەمئېيىق كېچىدە كېلىپ، ئارقا ــ ئارقىدىن يەتتە قوينى بوغۇۋەتكەنىدى. غەزەپكە كەلگەن داداڭ سول قولىغا كۆلا ئارغامچىنى باغلاپ، خەنجىرىنى ئېسىپ تەييار بولدى، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئاكاڭغا ئوۋ مىلتىقىنى تۇتقۇزدۇم. كېچىدە تاغ ئىچى بەك سوغۇق بولاتتى. ايدىڭ بولسىمۇ، ئاي پارچە شايىلاردەك بۇلۇتلار ئارىسىدا گاھ يوقاپ،

ىڭ ئاپتورى جالالىدىن بەھرام.

گاھ پەيدا بولغاچقا، چوڭقۇر جىلغا، ئېگىز - پەس قاپتاللار بىر يورۇپ، بىر قاراڭغۇلىشاتتى. ئېيىق دائىم يولىنى ئۆزگەرتىپ ئىككى يولنىڭ خالىغان بىر - رىدىن كېلەتتى. شۇڭا، داداڭ بىلەن ئاكاڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كۆزىتىپ تۇرۇپ - تۇ. بىر چاغدا «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «ۋايجان!» دېگەن ئايانچلىق ئاۋاز -



نى ئاڭلىغان داداڭ قورام تاشلارنى ئايلىنىپ، يانتۇ شېغىللىقلاردا مۆدۈرۈپ -
ھاسىراپ يېتىپ كەلگەندە، ئېيىق ئاكاڭنى ئاستىغا بېسىۋالغانىكەن، ھېلىمۇ
ياخشى ئېيىق مىلتىقنىڭ پايىنىكىنى چىشلىۋالغانىكەن. داداڭ ئېيىقنىڭ ئۈس-
تىگە مىنىۋېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇق، بويۇن، بىقىنلىرىغا قارىقويۇق خەنجەر ئۇ-
رۇپتۇ. ۋەھشىيلەشكەن ئېيىق ئاكاڭنىڭ ئۈستىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، داداڭغا
ئېتىلىپ ئۇنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. داداڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقاندا سول قولى-
دىكى كۆلا ئارغامچا يېشىلىپ چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ئېيىق ئۇنىڭ قولىنى
چايناپ بىلىكىنىڭ گۆشىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكەندىن سىرت، ئۆتكۈر ھەم
ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن قاماللاپ، داداڭنىڭ يۈزىنى خۇددى ساپان سالغان
ئېتىزدەك تىلغىۋېتىپتۇ. قانغا بويىلىپ كەتكەن داداڭ ئاستىدا قالغان خەنجەر-
لىك قولىنى تەستە سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېيىقنىڭ قارنىغا جان ئاچچىقىدا شۇنداق
ئۇرۇپتۇكى، خەنجەر دەستىلىرىگىچە پېتىپ كېتىپتۇ.
— ئۇ چاغلاردا سەن تېخى كىچىك ئىدىڭ، — ئانام بېشىنى توختىماي چاي-
قىدى، — ئاتا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان ۋاپادارلىقى يېتىمبولاق تاغ-
لىرىدەك تەۋرەنمەس ئىكەن، باغرى بولسا يايلاق ئاسمىنىدەك پاكىز ھەم بىپايان
بولىدىكەن. داداڭ ئۆرە يۈرگىنى بىلەن ئىچىدىن كۆيۈپ تۈگىدى...
لازىمەتلەر ئارتىلغان ئۇلاغلارنى ھەيدەپ دادام بىلەن يېتىمبولاق تاغ قاپتال-
لىرى ئىچىدە كېتىپ باراتتۇق. ئانامنىڭ: «داداڭ ئۆرە يۈرگىنى بىلەن ئىچىدىن
كۆيۈپ تۈگىدى» دېگەن ھەسرەتلىك نىداسىنىڭ مېنى ئازابقا سېلىشىمۇ، ئىش-
قىلىپ ئۇنىڭ غەمكىن، مىسكىن چىرايىغا قاراپ، بىر يەرلىرىم ئېچىشقاندەك
بولۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلدى. بىچارە دادامنىڭ ئۆمرى بالىلىرى ئۈچۈن تاغ -
دەشتلەر ئارا يامغۇر - يېشىن، جۇدۇن - چاپقۇن، ئىسسىق - سوغۇقلاردا ئۆت-
تى. جاھاننىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى ئۇنىڭغا باقمىدى. ئۇ غۇ تاپا - تەنىنى بىل-
مەي، مىننەت قىلماي، گويا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، ھەممە نەرسىسىنى
قۇربان قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن بىزلەر ئۇنىڭ قەدرىگە
يەتتۇقمۇ؟! يېتىش ئەمەس، بالىلىق مېھرىمىزنى ئايىدۇق، ھەتتا ئۇنىڭدىن نو-
مۇس قىلىپ «دادا» دېيىشكىمۇ تىلىمىز بارمىدى. بىچارە دادام مېنى ئاياپ
خەقنىڭ ئالدىدا ئوغلۇم دېيەلمەي «تاغدىن بىللە كەلگەن» دېگەندە ۋىجدان ئازا-
بى قەلبىمنى ئۆرتىۋەتتى. شۇ ئىشلار ئۈچۈن دادامدىن يىغىش - يېلىنىشلاپ كە-
چۈرۈم سورىغۇم، شىكەستلەنگەن يۈزلىرىگە سۆيگۈم كېلىپ كەتتى. ئەمما،

جۈرئەت قىلالمىدىم.

يولنىڭ ئوڭ تەرىپى ئۆلاغ قوشقۇنغا ئولتۇرۇپ ئاران چۈشەلەيدىغان تىك
يانتۇلۇق بولۇپ، كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر جىلغىدا كۈمۈش يىپ تالاسىدەك كۆ-
رۈنىدىغان يېتىمبۇلاق سۈيى پارقىراپ تۇراتتى. مەن 10 — 15 قەدەم ئارقىدا
قالغان دادامغا پات - پات قاراپ قوياتتىم. كۆڭلۈمدە: ئاخشاملىقىقا دادام بىلەن
بىللە يېتىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن؛ ئۇ چوقۇم: «بالام، نېمىلەرنى ئويلاپ
كەتتىڭ، كۆڭلۈمدە سەن توغرۇلۇق ھېچقانداق شۈبھە كەچكەن ئەمەس» دەپ
تەسەللى بېرىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم. شۇنداق خىياللار ئىلكىدە كېتىـ-
ۋېتىپ، بىر ئايلانما چىقىل تاشتىن ئۆتۈشۈمگە، تۇيۇقسىزلا قورام تاشلار ئار-
قىسىدىن ھۆركىرەپ چىققان ئادەمئېيىق ئىككى پۇتلاپ كەلگىنىچە ماڭا ئېـ-
تىلدى. مەن قورققىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدىم، ئېشىـ-
كىم ئارقىغا بۇرۇلۇپلا قاچتى. مەن بىلەن ئېيىقنىڭ ئارىلىقى ئىككى قەدەمـمۇ
قالمىغان پەيتتە ئېتىلىپ كەلگەن دادام مېنى پەس جىلغىغا كۈچەپ ئىتتىرىـ-
ۋەتتى - دە، ئېيىقنىڭ ئالدىنى توستى.

مەن جىلغا ئاستىغا قاراپ شۇنداق يۇمىلىدىمكى، كېيىن ھېچنېمىنى سەز-
مەپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ قارىسام، تاغ ئاسمىنىدىكى ئاي
كۆرۈندى، مەن ئېقىن بويىدا ئوڭدا ياتاتتىم. خاتىرەم تېزلا ئەسلىگە كەلدى. دا-
دام بىلەن ئىككىمىز يېتىمبۇلاق تاغ قاپتاللىرىدا كېتىۋاتقان چېغىمىزدا،
گۆگۈم چۈشكەن بولسىمۇ، ئاي تۇغمىغانىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئارىدىن بىرەر
سائەت ئۆتكەن ئوخشىمامدۇ؟ مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا بېشىم پىرقىراپ ئول-
تۇرۇپ قالدىم. جەينەك، تىزلىرىم قاتتىق ئېچىشىۋاتاتتى، پېشانەمدىن ساقىغان
قان ئېڭەكلىرىمدە قېتىشىپ قالغانىدى. دادام قانداق بولۇپ كەتكەندۇ، دېگەن
قورقۇنچلۇق خىيال مېنى ئورنۇمدىن دەس تۇرغۇزۇۋەتتى. كەنتكە بېرىپ ئوۋ-
چىلارنى باشلاپ كېلەي دېسەم ۋاق قالاتتىم. تىك تۆپىلىككە جان - جەھلىم بىـ-
لەن ياماشتىم. قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىپ بولغىنىمنى بىلمەيمەن، چىغىر يول
بويلاپ ئەسەبىيلەرچە «دادا» دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرمەكتە ئىدىم. ئاخىر ھېلىقى
ئايلانما چىقىل تاشتىن ئۆتۈپ، تۆگە لوككىلىرىدەك چوقچايغان قورام تاشلار
ئارىلىقىدىكى ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە پىرقىراپ، تېيىلىپ بىر يالاڭلىققا چىـ-
قىپ قالدىم - دە، چۆچۈپ ئارقىغا داجىدىم. چۈنكى، دادام بىر تۈپ قوڭغۇراق-
تىكەن تۈۋىدە قانغا چىلىشىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىر قولى ئۈزۈلگەن بولۇپ، تىـ-

تىىلغان تېنى پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن يەكتىكى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇ ـ راتتى. دادام گويا جاراھەتلىك يۈزىنى مەندىن يوشۇرغاندەك قوڭغۇراقتىكەن تە ـ رەپكە قارىۋالغانىدى.

ـــ دادا! ...

مېيىت ئۈستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم...



1. ئەسەرنى ئىچىڭلاردا قايتا ئوقۇپ چىقىپ، «مەن»نىڭ دادىسىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە پىكىرلىشىپ بېقىڭلار.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ «مەن»نىڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىپ بېقىڭلار:

«دادامنىڭ چىرايى ئادەم يىرگەنگۈدەك سەت ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى... شۇڭا ئۇنى بىر كىمنىڭ ئالدىدا ‹دادا› دېيىشكىمۇ نومۇس قىلاتتىم.»

«شۇ ئىشلار ئۈچۈن دادامدىن يېنىش ـ يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورىغۇم، شىكەستلەنگەن يۈزلىرىگە سۆيگۈم كېلىپ كەتتى. ئەمما، جۈرئەت قىلالمىدىم.»

«دادام قانداق بولۇپ كەتكەندۇ، دېگەن قورقۇنچلۇق خىيال مېنى ئورنۇمدىن دەس تۇرغۇزۇۋەتتى. كەنتكە بېرىپ ئۇۋچىلارنى باشلاپ كېلەي دېسەم ۋاق قالاتتىم. تىك تۆپىلىككە جان ـ جەھلىم بىلەن ياماشتىم.»

«دادام گويا جاراھەتلىك يۈزىنى مەندىن يوشۇرغاندەك قوڭغۇراقتىكەن تەرەپكە قارىۋالغانىدى.

ـــ دادا! ...

مېيىت ئۈستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم...»

3. ئەسەرنىڭ تەسۋىرلىرى تەبىئىي ۋە گۈزەل. ئەسەردىكى تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەم ئۆزۈڭلارمۇ مۇشۇنداق جۈملىلەرنى يېزىپ بېقىڭلار.

4. بۇ مېھرىبان ئاتىغا قانداق باھا بېرىسىلەر؟ سىلەرمۇ ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ كۆيۈمى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىڭلارنى ئەسلەپ بېقىڭلار.

بىر ئاتا ھايات ـ مامات پەيتىدە ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ پەرزەنتىنى قۇتقۇزغان. بۇ نەقەدەر چوڭقۇر مۇھەببەت ـ ھە! تۆۋەندىكى تېكىستتە سۆزلەنگىنى بىر بالىنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا بىزگە ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئېسىل قەلبنى ھېس قىلدۇرىدۇ. تېكىستنى ئىچىمىزدە ئوقۇپ ئويلىنىپ باقايلى. رېيىننىڭ ئارزۇسى نېمە؟ ئۇ ئارزۇسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇردى؟ ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىمىزنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەيلى، ئويلىغانلىرىمىزنى يازساقمۇ بولىدۇ.

## 14* ئارزۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى

1998 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى كانادالىق ئالتە ياشلىق ئوغۇل رېيىن شىللېيجىك مەكتەپتىن كېلىپ، ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگىنىچە:

— ئاپا، ئاپا، ماڭا 70 دوللار بەرگىنە، — دېدى ئاپىسىغا قولىنى سوزۇپ، — مەن ئافرىقىلىق بالىلارغا بىر قۇدۇق كولىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ پاكىز سۇ ئىچىدىغان قىلاي دەيمەن.

ئەسلىدە، مۇئەللىم 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەندە: «ئافرىقىدا نۇرغۇن بالىنىڭ ئويۇنچۇقى يوق، يېتەرلىك يېمەكلىك ۋە دورىلىرىمۇ يوق، ھەتتا پاكىز سۇمۇ ئىچەلمەيدۇ. مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بالىلار بۇلغانغان سۇنى ئىچكەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر 70 دوللار پۇل بولسا، ئۇلارنىڭ بىر قۇدۇق كولىتىۋېلىشىغا يېتەتتى» دېگەنىدى. «ئۇلار ئۇنداق ياشىماسلىقى كېرەك» دەپ ئويلىغان رېيىننىڭ ئەس ـ يادى «70 دوللارلىق قۇدۇق» دېگەندىلا قالغانىدى ھەم «مەن چوقۇم ئۇلارغا بىر قۇدۇق كولىتىپ بېرىمەن» دېگەن ئىرادىگە كەلگەنىدى. ئاپىسى:

— رېيىن، 70 دوللار ئاز پۇل ئەمەس، ئۇنى ئۆزۈڭگە تايىنىپ تېپىشىڭ كېرەك، — دېۋىدى، رېيىن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

ئاپىسى توڭلاتقۇ ئۈستىگە كونا بىر كورۇپكىنى قويۇپ قويدى ھەم رېيىن ئۈچۈن بىر جەدۋەل سىزىپ، 35 كاتەكچە چىقاردى. كورۇپكىدا ھەر قېتىم ئىككى دوللار كۆپەيسە، رېيىن بىر كاتەكچىنى سىزىۋەتسە بولاتتى. ئاپىسى:

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى جياڭ فېي. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، سەن بۇ پۇلنى پەقەت نورمىدىن سىرتقى ئۆي ئىشلىرى ئارقىلىقلا تېپىشىڭ كېرەك، شۇنداق قىلالامسەن؟ — دېگەننىدى، رېيىن بېشىنى لىڭشىتتى.

رېيىننىڭ تۇنجى خىزمىتى گىلەمنى تازىلاش بولدى. ئاكىسى بىلەن ئىنىسى سىرتقا ئويۇنغىلى چىقىپ كەتكەننىدى. رېيىن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئىشلىدى. ئاپىسى «تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان»دىن كېيىن، كورۇپكىغا ئىككى دوللارنى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئائىلە بويىچە ھەممىسى كىنو كۆرۈشكە كېتىۋىدى، رېيىن ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئىككى سائەت دېرىزە سۈرتۈپ، يەنە ئىككى دوللار تاپتى. بوۋىسى رېيىننىڭ خىيالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى شەمشاد غوزىسى تېرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بوران – چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قوشنىلىرى ئۇنى سۇنۇپ كەتكەن شاخ – شۇمبىلارنى يىغىشقا سالدى. ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەننىدى، بوۋىسى مۇكاپاتلىدى. رېيىن تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى كورۇپكىغا سالىۋەردى.

35 كاتەكچىنىڭ ھەممىسى سىزىۋېتىلدى. 4 – ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر سەھەردە، رېيىن پارچە پۇللار قاچىلانغان كورۇپكىنى كۆتۈرگىنىچە، تىرىشىپ – تىرمىشىپ تاپقان 70 دوللار پۇلنى ئىئانە يىغقۇچى مەسئۇل كىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

— كۆپ رەھمەت، رېيىن.

ئۇ كىشى پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، رېيىنغا ئافرىقىدىكى «پاكىز سۇ ئۈچۈن ئىئانە توپلاش پائالىيىتى»نى تونۇشتۇردى. ئاخىرىدا، 70 دوللار پۇلغا ئەمەلىيەتتە بىر سۇ پومپىسى سېتىۋېلىشقىلا بولىدىغانلىقىنى، بىر قۇدۇقنى كولاش ئۈچۈن 2000 دوللار كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. رېيىن تېخى كىچىك بولغاچقا، 2000 دوللارنىڭ قانچىلىك چوڭ سان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، شۇڭا خۇشاللىق بىلەن:

— ئۇنداقتا، مەن يەنىمۇ كۆپرەك ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىمەن، — دېدى.

لېكىن، رېيىننىڭ ئۆزى ئىشلەپ 2000 دوللارنى تېپىشى بەك قىيىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن زادىلا ۋاز كەچمىدى. ئاپىسىنىڭ بىر دوستى رېيىننىڭ قەيسەرلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رېيىننىڭ ئىشلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ، يەرلىك گېزىتتە ئېلان قىلدى. رېيىن

ھەققىدىكى ھېكايە كانادادا كانادا ئاساسەن پۇر كەتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، رېيىن 25 دوللارلىق بىر چەكنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ـ زاق ئۆتمەي، ئۇنىڭغا يەنە بىر چەك كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، رېيىن ئىئانە پۇللىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. قىسقىغىنا ئىككى ئاي ئىچىدە رېيىن بىر قۇدۇق كولاشقا يەتكۈدەك پۇلنى جۇغلاپ بولدى.

9 ـ ئايدا كانادا خەير ـ ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ ئۇگاندادىكى ئىش باشقار ـ مىسىنىڭ ئىنژېنېرى ئاتايتەن كاناداغا كېلىپ، قۇدۇق كولاشقا دائىر ئىشلار ـ نى رېيىن بىلەن مۇزاكىرىلەشتى. ئىنژېنېر مۇنداق دېدى:

ــ سۇئىي قۇدۇق كولاش ئىنتايىن جاپالىق ئىش. ئۇنى تەخمىنەن 20 ئادەم ئون كۈندە ئاندىن كولاپ بولالايدۇ. ئەگەر بىر بۇرغىلاش ماشىنىسى بولغان بولسا، قۇدۇق كولاش سۈرئىتى خېلى تېز بولغان بولاتتى.

ئۇندىمەي ئولتۇرغان رېيىن تۇيۇقسىز:

ــ ئۇنداقتا، پۇل يىغىپ بۇرغىلاش ماشىنىسى سېتىۋالايلى، ــ دېدى قەت ـ ئىيلىك بىلەن، ــ مەن ئافرىقىدىكى ھەربىر ئادەمنى پاكىز سۇ ئىچەلەيدىغان قىلاي دەيمەن.

رېيىننىڭ مۇئەللىمى بۇ بالىنىڭ شۇنچە ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىمى ـ غانىدى. بۇ ئايال ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى پۇل ئىئانە قىلىشقا چاقىردى، يەنە ئالاقىدار تارماقلار ئارقىلىق، رېيىن ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنى ئافرىقىلىق بالىلار بىلەن خەت ئالاقە قىلدۇردى.

رېيىننىڭ تۇنجى قۇدۇقى كولىنىپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رېيىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە يۇك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، يول بويى چايقالغىنىچە ئۇگاندادىكى ئانگروغا كەلدى.

ئاپتوموبىل كەنتكە يېتىپ كەلگەندە، 5000 دىن ئارتۇق بالا يول ياقىسىغا توپلانغانىدى. ئۇلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ:

ــ رېيىن، رېيىن! ــ دەپ رىتىملىق توۋلاشتى. رېيىن ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ تارتىنغان ھالدا كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشتى. بالىلار ئۇنى ئورىۋالغى ـ نىچە گۈللەر بىلەن قورشالغان بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. قۇدۇق ـ نىڭ سېمونت ئۇلىغا: «رېيىننىڭ قۇدۇقى ــ رېيىن شىللېيجىك بۇنى ئانگرو باشلانغۇچ مەكتىپى ئۈچۈن قازدۇرغان» دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىدى.

مەھەللىدىكى بىر بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ئەتراپىمىزدىكى باللارغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساغلام. بۇ تۆھپە رىيىنگە ۋە كانادالىق دوستلىرىمىزغا مەنسۇپ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، سۇ — ھاياتلىق دېمەكتۇر.



بۇنى ئاڭلاپ، رىيىن ۋە ئاتا - ئانىسى ھاياجان ياشلىرىنى تۆكتى. شۇنداق، ئارزۇنىڭ زور كۈچ - قۇدرىتى ھەقىقەتەن زور ئىكەن. بۇنداق پەيتتە كىممۇ كۆز يېشى قىلماي تۇرالىسۇن!

2001 - يىلى 3 - ئايدا «رىيىن قۇدۇقى» فوند جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. بىر يىلدىن كېيىن، «رىيىن قۇدۇقى» فوند جەمئىيىتى ئافرىقىدىكى سەككىز دۆلەت ئۈچۈن 30 قۇدۇق كولاپ بەردى.

# 15 كۆۋرۈك

تاڭ سەھەر، يامغۇر بىردىنلا ئەدەپ، چېلەكلەپ قۇيۇۋەتتى. كەلكۈن نەرە تارتىپ، جىلغىدىن ئاساۋ ئاتتەك چاپچىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنى توسۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەنتتىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يەرگە چۈشكەندە، چىلىقتىدە سۇغا دەسسىدى، كىمدۇر بىرى ئەنسىز ۋارقىرىدى، 100 دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىكلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشكىنىچە جەنۇبىي تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى كەلكۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. كىشىلەر ساراسىمە ئىچىدە ئارقىغا ياندى. شەرق ۋە غەرب تەرەپتە يول يوق، پەقەت شىمال ياقتىلا تار ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى.

ياغاچ كۆۋرۈك يېنىدىكى تىزىغىچە كېلىدىغان سۇدا ياچپىيكا شۇجىسى — پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ھىمايىچىسى ھېسابلىنىدىغان بوۋاي تۇراتتى.

بوۋاينىڭ ياداڭغۇ يۈزىدىن يامغۇر سۈيى توختىماي ئاقاتتى. ئۇ ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەن كىشىلەرگە تىكىلىپ، تاغدەك تىك تۇراتتى.



بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى تەن گې. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

كىشىلەر قەدىمىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى. بوۋاي خىرقىراق ئاۋازدا:

— كۆۋرۈك بەك تار! دەرھال تىزلىنىڭلار، قىستاشماڭلار! پارتىيە ئەزالىرى كەينىدە تۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

كىمدۇر بىرى توۋلىدى:

— پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئادەم!

بوۋاي قوپال ھالدا:

— پارتىيەدىن چېكىنمەكچى بولغانلار يېنىمغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇڭلار! — دېدى.

ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. 100 دىن ئارتۇق ئادەم بىردەمدىلا رەتكە تىزىلىپ، نۆۋەت بىلەن ياغاچ كۆۋرۈك تەرەپكە ئۆتتى.

كەلكۈن بارا - بارا ئۇلغىيىپ كىشىلەرنىڭ بېلىگە چىقتى.

بوۋاي توساتتىن ئالدىغا چامداپ، رەت ئىچىدىن بىر يىگىتنى تارتىپ چىقىرىپ:



— سەنمۇ پارتىيە ئەزاسىمۇ؟ رەتنىڭ كەينىگە ئۆت! — دەپ ۋارقىرىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەلپازى خۇددى قاپلاننىڭكىگە ئوخشايتتى. يىگىت بوۋايغا بىرنى ئالىيۋېتىپ كەينىگە ئۆتتى.

ياغاچ كۆۋرۈك ئىرغاڭلىغىلى، ئەنسىز ئاۋازلار ئاڭلىغىلى تۇردى.

سۇ بوۋاينىڭ كۆكرىكىگە چىقتى، ئەڭ ئاخىرىدا بوۋاي بىلەن ھېلىقى يىگىتلا قالدى. يىگىت بوۋاينى ئالدىغا ئىتتىرىپ:

— سەن ئاۋۋال ئۆت، — دېدى. بوۋاي:

— گەپنى ئاز قىل، تېز ئۆت، — دېدى - دە، يىگىتنى ئىتتىرىپ كۆۋرۈككە چىقاردى.

كۆۋرۈك تۇيۇقسىز «قاراس - قۇرۇس» قىلىپ غۇلاپ چۈشتى. كەلكۈن يىگىتنى يۇتۇۋەتتى.

بوۋاي نېمىدۇر دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى، ئۇشتۇمتۇت بىر دولقۇن ئۇنىمۇ يالماپ كەتتى.

يەر - جاھان ئاقىرىپ كەتتى.

بەش كۈندىن كېيىن كەلكۈن توختىدى.

كىشىلەر بىر موماينى يۆلىگىنىچە بۇ يەرگە تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلدى.

قۇربان بولغانلارنىڭ بىرى موماينىڭ ئېرى، يەنە بىرى ئوغلى ئىدى.



1. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2. تېكىستتىكى بوۋاي قانداق ئادەم ئىكەن؟ بۇنى تېكىستنىڭ قايسى جايلىرىدىن ھېس قىلدىڭلار؟

3. تېكىست ئىپادىلەش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

مەسىلەن: بوۋاي بىلەن يىگىتنىڭ مۇناسىۋىتى تېكىستنىڭ ئاخىرىدا ئاشكارىلانغان؛ تېكىستنىڭ كۆپ يەرلىرىدە قاتتىق يامغۇر ۋە كەلكۈن تەسۋىرلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمىلەرنى بايقىدىڭلار؟

بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق پايدىسى بارلىقى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭلار.

## 16△ خەير - خوش، قەدىردانلار

چوڭ ئانا، ئەمدى قەدىمىڭىزنى توختىتىڭ! بىزگە كىيىم يۇيۇپ بېرىمەن دەپ تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدىڭىز. ياشىنىپ قالدىڭىز، ئەمدى بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىڭىز قالمىدى، دەرھال قايتىپ ئارام ئېلىڭ! بېشىڭىزنى چايقايسىزغۇ؟ ئەجەبا بىزنى سىزدەك بىر چاۋشيەنلىك ئانىمىزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ دەمسىز؟ ياق، مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. سەككىز يىلدىن بۇيان سىز بىز ئۈچۈن تالاي يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلدىڭىز، بىزگە ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى بەردىڭىز! ھېلىمۇ ئېسىمدە، بەشىنچى قېتىملىق جەڭدە دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ قامالى سەۋەبلىك تەمىناتىمىز ۋاقتىنچە ئۈزۈلۈپ قىلىپ دۈشمەن بىلەن ئاچ قورساق ئۈچ كېچە - كۈندۈز تىركەشتۇق. دەل شۇ چاغدا سىز پۈتكۈل كەنتتىكى ئاياللارنى باشلاپ، توپ يالقۇنلىرىغا قارىماي بىزگە يېمەكلىك ئەكېلىپ بەردىڭلار. ئۇ چاغدا نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ياش تۆكۈشكەنىدى. سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بولغاچقىلا، بىز ئاشۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قىلالىدۇق. قايتىپ كېتىۋېتىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكىنىڭىزدىن يول بويىغىلا يىقىلىپ چۈشتىڭىز. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر ياردارىمىز ئۆيىڭىزدە بېقىلىۋاتقاندا دۈشمەن ئايروپىلانى كېلىپ قالدى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەۋرىڭىز-



نىمۇ تاشلاپ قويۇپ يارىدارنى مۇداپىئە ئۆڭكۈرىگە ھاپاش قىلىپ ئەكىرىدىڭىز. قايتىپ چىقىپ نەۋرىڭىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندا بولسا ئۆيىڭىز پارتلاپ تۈپتۈز بولۇپ كەتكەنىدى. سىز بىزنى دەپ ئۆز نەۋرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز. سىز ئېيتقان تاغلاردىنمۇ ئېگىز، دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر بۇ دوستلۇقنى بىزنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟

ئوماق سىڭلىم جىنخۇا، بولدى، يىغلىماڭ، يېشىڭىزنى ئېرتىڭ. بىزگە «گۈرۈچ سوقۇش قوشىقى»نى يەنە بىر ئېيتىپ بېرىڭ! نېمە؟ كۆڭلۈم يېرىم، ئېيتالمايمەن دەمسىز؟ سىز بەك قەيسەر ئىدىڭىزغۇ؟ ئاشۇ كۈنى چارلىغۇچى لاۋۋاڭ دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا چارلىغىلى بارغاندا دۈشمەن تۇتۇۋېلىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇشقانىدى. ئانىڭىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى جايغا تۈيدۈرماي كىرىپ، باغلاقلىق لاۋۋاڭنى قۇتقۇزۇپ چىققان. ئۇ چاغدا سىز كەنتكە قايتىپ ئانىڭىزنى زارىقىپ كۈتۈۋاتاتتىڭىز. ئەتىسى ئانىڭىزنىڭ گىراناتنى پارتلىتىپ دۈشمەن بىلەن تەڭلا قازا قىلغانلىق خەۋىرى كەلدى. سەپداشلار ئازابلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى، ئەمما سىز يەرنى تەپكىنىڭىزچە چىشلىرىڭىزنى كىرىشتۈرۈپ غەزەپ بىلەن: «ئانا، ئىنتىقامىڭىزنى



ئالماي قويمايمەن!» دېدىڭىز. سىڭلىم جىنخۇا، سىز نېمىدېگەن قەيسەر - ھە! لېكىن بۈگۈن، پىدائىي قىسمىدىكى تاغىلىرىڭىز خوشلاشماقچى بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئەجەب يىغلاپ سالدىڭىزغۇ؟

چوڭ ئانا، ئەمدى قايتىڭ! قارىڭە، بالىڭىز دۈمبىڭىزدە تۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تاغ يولى ئەگرى - توقاي، قوش ھاسىغا تايىنىپ نەچچە ئون چاقىرىم يولنى بېسىپسىز. سىز كەلمىسىڭىزمۇ، بىزگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىڭىزنى ھېس قىلغۇچىلىكىمىز بار ئىدىغۇ. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمىزدە، ئۇ دەل 1952 - يىلىدىكى باھار پەسلى بولۇپ، دالالاردا كاككۇك گۈللىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. سىز كۆكتاتلىرىمىزنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، تاغدىن ياۋا كۆكتات كولاپ ئەكېلىپ بەرگەن. تاغدىكى ياۋا كۆكتاتلار تۈگىگەندە ئالدىنقى سەپكىمۇ بېرىپ كولىغانىدىڭىز. ئويلىمىغان يەردىن دۈشمەن توپى يېنىڭىزدىلا پارتلاپ، سىز قانغا مىلىنىپ يېتىپ قالدىڭىز... جاراھىتىڭىز ساقايغاندىن كېيىن سىز قوش ھاسىغا چۈشۈپ قالدىڭىز. سىز بىز ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا بەدەل تۆلىدىڭىز، مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا سىزنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان دوستلۇقىڭىزنى بىلدۈرۈشكە يېتەرلىك ئەمەسمىدى؟

خەير - خوش، قەدىردانلار! خەير - خوش، سۆيۈملۈك تۇپراق!

ئەي پويىز، ئاستىراق ماڭغىن، چاۋشيەنلىك قېرىنداشلىرىمىزغا يەنە بىر قارىۋالايلى، ئىسسىق قېنىمىز تۆكۈلگەن بۇ تۇپراقتا يەنە بىر دەم تۇرۇۋالايلى.

خەير - خوش، قەدىردانلار! سىلەرنى مەڭگۈ قەلبىمىزدە ساقلايمىز.



# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## ئۈندەش جۈملە

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ھەربىر جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار:

1. ياھ، نېمىدېگەن ئېگىز بىنا ـ ھە!
2. سىنىپىمىز بىرىنچى بولغان بولسا، تازا ياخشى بولاتتى!
3. ھەي، بىر مىنۇت بالدۇر ماڭغان بولسام بوپتىكەن!
4. بۈگۈن ئەجەب ياخشى كۈن بولدى ـ ھە!
5. پەن ـ تېخنىكا سارىيىغا قاچان بارارمىز ـ ھە!
6. خەپ سېنى، مۇشۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن تازا بىر جازالىمىسام!

**سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك ھېس ـ ھاياجانلىرىنى، يەنى ئەجەبلىنىش، پۇشايمان، زوقلىنىش، ئارزۇ ـ ئارمان، غەزەپلىنىش قاتارلىق ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دېيىلىدۇ.**

ئۈندەش جۈملىلەر شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئۈندەش جۈملىلەرگە «ياھ، ۋاھ، ئېھ، ۋاي ـ ۋۇي، ھەي، ئىست، ئوھوي، ئاپلا، خەپ» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ.

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى پەرقلىق ئاھاڭدا ئوقۇپ، مەنە جەھەتتىكى پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

بۇ كىتابنى ئوقۇيمەن.          بۇ كىتابنى بىر ئوقۇۋالغان بولسام ـ ھە!

مۇئەللىم قايتىپ كەپتۇ. مۇئەللىم ئاخىر قايتىپ كەپتۇ ـ دە!

بۈگۈن دەرسكە قاتنىشالمىدىم. ھەي، بۈگۈن دەرسكە قاتنىشالماي قالدىم ـ دە!

ئۈزۈملەر پىشىپتۇ. ئوھوي، ئۈزۈملەر پىشىپ كېتىپتىغۇ!

2. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن تەلەپ بويىچە ئۈندەش جۈملە تۈزۈڭلار:

ئەجەبلىنىش: ____________________

ئارزۇ ـ ئارمان: ____________________

پۇشايمان: ____________________

زوقلىنىش: ____________________

غەزەپلىنىش: ____________________

3. تۆۋەندىكى ئەسەرنى ئوقۇپ ئاستى سىزىلغان جۈملىلەرنىڭ قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

## ئەتىرگۈلگە باھا

قوشكېزەك قىزلار ئەتىرگۈل باغچىسىغا كىرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بىرى يۈگۈرگىنىچە قايتىپ چىقىپ، ئانىسىغا:

ــ ئانا، بۇ بەك ئەسكى جاي ئىكەن! ــ دەپتۇ.

ــ نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، قىزىم؟

ــ چۈنكى، بۇ يەردىكى گۈللەرنىڭ تىكىنى بار ئىكەن.

بىر دەمدىن كېيىن يەنە بىر قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىغا:

ــ ئانا، بۇ بەك ياخشى جاي ئىكەن! ــ دەپتۇ.

ــ نېمىشقا، بالام؟

ــ چۈنكى، بۇ يەردىكى تىكەنلەرنىڭ گۈلى بار ئىكەن.

ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ...

جاھاندا ھەممىلا نېمىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بولىدۇ، مۇھىمى سىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارىشىڭىزدا.

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشىقى



يېقىندا تېلېۋىزوردا مۇنداق بىر ئېلان كۆرسىتىلدى: بەش - ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا بۇدرۇق قوللىرى تىترىگەن ھالدا، ئاپىسىنىڭ پۇتىنى يۇيۇش ئۈچۈن بىر جاۋۇر سۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ... يەنە ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقەگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بىر كىنومۇ بار، بۇنىڭدا بىر نامرات ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، كېسەل دادىسىنى يۈدۈپ مەكتەپكە بارىدۇ. كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان بۇنىڭدەك ئىشلارنى سىلەر كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھەتتا بېشىڭلاردىن ئۆتكۈزگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. قېنى ئەمىسە، سىلەرنى ھاياجانغا سالغان، ئېسىڭلاردىن چىقمايدىغان بىرەر ئىشنى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئېنىق، كونكرېت، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار.



## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

ئاغزاكى ئالاقە ئاساسىدا، سىلەر ئەڭ تەسىرلەنگەن بىرەر ئىشنى يېزىپ چىقىڭلار. مەزمۇنى كونكرېت، سۆز - جۈملىلىرى راۋان، ھېسسىيات چىن بولسۇن. ماۋزۇنى ئۆزۈڭلار قويۇڭلار. يېزىپ بولۇپ، ئەستايىدىل تۈزىتىڭلار.

### ئالاقە سەھنىسى

**قۇتلۇق:** بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر ماڭا بەك تەسىر قىلدى.

**چۇغلۇق:** چۈنكى، بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردىكى ئىشلار كىشىنى بەك تەسىرلەندۈرىدىكەن، پەقەت بىز شۇ چاغدىكى مەنزىرە، شۇ چاغدىكى ھېسسىياتقا كىرىپ تۇرۇپ ئوقۇساقلا ھەقىقىي تەسىراتقا ئىگە بولالايمىز.

**قۇتلۇق:** مەن بۇ تېكىستلەرنىڭ جەلپكارلىقىدا باشقا سەۋەب بارمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. ئاپتور چىن ۋەقەلىككە ئۆزىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇۋەتكەن.

**چۇغلۇق:** بۇ تېكىستلەر ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتە پەرقلىنىدىكەن. بەزى تېكىستلەردە ھېسسىيات ۋەقەلىك بىلەن مۇھىت تەسۋىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن؛ بەزى تېكىستلەردە ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ئاساسىدا، ھېسسىيات بىۋاستە ئىپادىلەنگەن.

**قۇتلۇق:** بىز بۇرۇن ئۆگەنگەن تېكىستلەرنىڭ بەزىلىرىدە مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرىدە...

### تىل خەزىنىسى




△ قولدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.

△ يۇرتۇڭ تىنچ، ئۆزۈڭ تىنچ.

△ جاپا كۆرمەي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت (يوق).

△ بىللە يېگەن تەنگە سىڭەر،
يالغۇز يېگەن يەرگە (سىڭەر).

△ كۆپىنىڭ كۈچى كۆپ.
△ ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەل ياراتقان ئەر كېلۇر.
△ يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئەل ۋەيران (بولماس).

— ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرى



هېكايە ئېيتىپ بېرەي

## ئىناق بولۇڭلار

بىر كىشىنىڭ بىرنەچچە بالىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئىناق ئۆتمەيدىكەن. دائىم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، قېيدىشىپ يۈرىدىكەن. دادىسى ئۇلارغا بىرنەچچە قېتىم نەسىھەت قىپتۇ، بىراق كار قىلماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كىشى بىر باغلام تېۋىلغىنى ئېلىپ كېلىپ، بالىلىرىنى چاقىرتىپتۇ - دە:

— ماۋۇ بىر باغلام تېۋىلغىنى قايسىڭلار سۇندۇرالايسىلەر؟ — دەپتۇ.

بالىلىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇندۇرالماپتۇ. دادىسى تېۋىلغىنى ئۇلارغا بىرتالدىن بېرىپ:

— ئەمدى سۇندۇرۇپ بېقىڭلارچۇ! — دەپتۇ.

بۇ قېتىم بالىلىرى «قارس - قۇرس» قىلىپلا سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

— كۆردۈڭلارمۇ بالىلىرىم؟ — دەپتۇ ئاتا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزئارا ئىناق بولۇپ، بىر - بىرىڭلارنى قەدىرلەپ ئۆتسەڭلار، سىلەرنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ. ئەگەر جېدەل - غوۋغا چىقىرىپ، قۇمدەك چېچىلىپ يۈرسەڭلار، ھەرقانداق كىشى سىلەرنى ئۇنڭايلا يېڭىدۇ ھەم ھالاك قىلىدۇ!

باللار شۇنىڭدىن كېيىن ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ، «ئىتتىپاقلىق — كۈچ» دېگەن سۆزنى مۇشۇ باللار تارقاتقانىكەن.

(«ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتابتىن)

بەشىنچى بۆلەك

# كىلاسسىك ئەسەرلەر

ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىكى يارقىن ئوبرازلار ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ۋەقەلىكلەر بىزنىڭ ئوقۇشىمىزنى، زوق ئېلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىش، پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئىگىلەش ۋە داڭلىق ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. شارائىتى يار بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەسلىي ئەسەرنى تېپىپ، ئۇنىڭ تېكىستكە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى ئوقۇپ باقسىمۇ بولىدۇ.



# 17 ئىككى ھېكايەت

## كەپتەرنىڭ ھېكايىسى

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفقەتلىك مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىل گۈل بۇتسە،
بۇلبۇلغە تىكەنچىلىك ئاشىيان بولماس ئىمىش.

(غېرىبلارغا كىشىلەر شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق قىلمىسا، ئۇلار يوقسۇزلۇق ئىچىدە ھەرگىز خۇشال ئۆتەلمەيدۇ. ئالتۇن قەپەس ئىچى قىزىلگۈللەر بىلەن بېزەپ قويۇلسىمۇ، ئۇ بۇلبۇل ئۇچۇن گۈلنىڭ تىكىنىچىلىك ماكان بولالمايدۇ.)

بىر كەپتەر بولۇپ، ئۇنىڭ داڭقى ھەممىلا جايغا يېيىلغانىدى. ئۇ شۇنداق تېز ئۇچاتتىكى، قانىتىنى ئېچىپ بىر پەرۋاز قىلسا، بىر ياغاچ[1] يەرگە باراتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇ بىر كىشىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، قەپەسكە سولاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قانچە يىل تۇتقۇنلۇقتا مەھكۇم بولدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى كەپتەر بىر ئامال قىلىپ، بۇ يەردىن قاچتى ۋە خۇشاللىقتا سايراپ ناۋا قىلدى. كۆك قەرىگە سىڭىپ، ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلىدى ۋە ئۆز دىيارى تامان يول تۇتتى.

ئۇنى كۆرگەن خەقلەر ئۆگزىلەرگە چىقىپ، ئۇنى تۇتۇش مەقسىتىدە دان چېچىپ، كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇشتى. ئۇ بۇلارغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۆز ماكانىنى ئىزدەپ قانات قاقتى. ئۇچا ـ ئۇچا، ئاخىر تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن بىر ۋەيرانىگە قوندى، بۇ يەردە ئەسلىدە ئۇ ئىلگىرى تۇرغان ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆي ھازىر خارابىلىككا ئايلانغانىدى. بىراق كەپتەر كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، خۇشاللىقتا چۆمدى.

---

بۇ ئىككى پارچە ھېكايەت ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

① ياغاچ ــ تەخمىنەن 12 كىلومېتىر مۇساپە.



كى مەئىنۇس ئېرۇر گەرچە ۋەيرانەدۇر،
نېتەي شاھ قەسرىن كى بىگانەدۇر.
ئېرۇر قۇشقە خۇشراق چۇ باقساڭ ئەيان،
مۇرەسسەئى قەفەسدىن تىكەن ئاشيان.

(گەرچە ماكانىم ۋەيرانە بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا كۆنگەن ۋە ئۆگەنگەن تۇرسام، ئېسىل قەسرنى نېمە قىلاي! چۈنكى، ئۇ ماڭا يات ۋە بىگانىدۇر. ئەقىل بىلەن باقساڭ، قۇش ئۈچۈن گۈزەل نەقىشلىك قەپەستىن تىكەن ياخشىراقتۇر.)

## تۈز ياغاچنىڭ ھېكايىسى

كىشىنىڭ سۆزى راست بولسا، بۇ ئۇنىڭ تۈزلۈكىگە دەلىلدۇر. كىمكى تۈزلۈكتىن يىراق بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق.

بىر پادىشاھ تۆۋرۈكلۈك ساراي سالدۇرماقچى بولۇپ، تۈز بىر ياغاچقا ھاجىتى چۈشتى. ئۆز تەۋەلىكىنى ئاختۇرۇپ ئاخىر تاپتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىگىسى ئاجىز بىر قېرى ئىدى. شاھ ياغاچنى ئون، يۈز، بەلكى مىڭ ھەسسە باھا بىلەن سېتىۋالماقچى بولسىمۇ، قېرى رازى بولمىدى. ياغاچنىڭ باھاسى چەكسىز ئۆ-

سوۋېرىپ، ئاخىر نۇرغۇن ئالتۇنغا سېتىلدى.

شاھ سارايىنى ياسىتىپ، گۆھەر بىلەن بېزىدى، تۈۋرۈكىنى بولسا ئالتۇن بىلەن زىننەتلىدى. ياغاچنىڭ ئىگىسى بۇنى كۆرگىلى كېلىپ، ياغىچىنى سۆيۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۆزۈڭ تۈز يارالغىنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ ئالتۇنغا كۆمدۈڭ.

تۈز ياغاچ راستچىل ۋە سەمىمىي كىشىگە تىمسالدۇر. راستچىل كىشى خۇددى تۈز ياغاچقا ئوخشاش ئەزىزدۇر.

نىھالىكى ئول تۈز بولۇر جىلۋە ساز،
بەرى ئەلنى مۇنداق قىلۇر بىنىياز.
ئەگەر تۈزلۈك ئولسا، كىشىنىڭ ئىشى،
نې ۋەسف ئەيلىيەلگەي ئىشنى كىشى.

(دەرەخ مۇنداق تۈز بولۇپ، ھەممە كىشىنى ھاجەتتىن چىقارغان يەردە، تۈزلۈك يولىنى تۇتقان كىشىنىڭ تەرىپىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟!)



1. تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇڭلار ھەمدە ئەسەردىكى نەزم بىلەن ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

غۇربەت    شەفىق    ئاشيان    ناۋا    خارابىلىك    مەئنۇس
بىگانە    خۇشراق    مۇرەسسەئى    نىھالىكى    بىنىياز    نې ۋەسف

3. نەۋايى «كەپتەرنىڭ ھېكايىسى» دېگەن بىرىنچى ئەسەردە نېمە ئۈچۈن كەپتەرنى ھەشەمەتلىك قەسىردە خۇشاللىقتا ئېرىشەلمەي ئۆزىنىڭ ۋەيرانە كەپىسىدە راھەتلىنىدۇ دەپ تەسۋىرلەيدۇ؟ ئۆز چۈشەنچىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەڭ.

4. «تۈز ياغاچنىڭ ھېكايىسى» دېگەن ئىككىنچى ئەسەردە قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن؟ تونۇشۇڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار.

5. «تۈز ياغاچنىڭ ھېكايىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يادلىۋېلىڭلار ۋە ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىڭلار.

## ماتېرىيال خالتىسى



ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىياتشۇناس، مۇتەپەككۇر. ئۇ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىمۇ پىششىق ئىدى. ئومرىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «خەمسە نەۋايى»، «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى)، «چاھار دىۋان» (تۆت توپلام دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى)، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (قەلبلەر سۆيگۈنى) قاتارلىق نۇرغۇن شاھانە ئەسەرلىرى بار.



قەدىمكى ئەسەرلەردە ھەر خىل خىسلەتكە ئىگە خىلمۇ خىل ئوبرازلار يارىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ھەم چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. تۆۋەندە بېرىلگەن تېكستتە يىتكەن ئېشەك دەۋاسى ۋە ئۇنىڭ پاش بولۇش جەريانى ھېكايە قىلىنغان. تېكستتىن ئالغان تەسىراتىمىزنى سۆزلەپ باقايلى ھەمدە تىل - ھەرىكەت تەسۋىرى ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىۋالايلى.

## *18 باۋگۈڭنىڭ ئېشەكنى سوتلىشى

بۇرۇنقى زاماندا ۋاڭ ۋۇ ئىسىملىك بىر نامرات كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ئېشىكى بار بولۇپ، شۇنىڭدا ئوتۇن، كۆمۈر توشۇپ يۈرۈپ ئائىلىسىنى قامدايدىكەن. بۇ ئېشەك ئۇنىڭ بىردىنبىر بىساتى بولغاچقا، ۋاڭ ۋۇ ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئېشىكىنى ئوبدان بېقىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا چىرايلىق نوختا سېلىپ قويىدىكەن. شۇڭلاشقا كىملا كۆرسە ئۇنىڭ ئېشىكىنى: «ۋاھ، ئەجەب نوچى ئىشەككىنا» دەپ ماختاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ۋاڭ ۋۇ ئېشىكىگە كۆمۈر ئارتىپ بازارغا ساتقىلى ئاپىرىپتۇ. ئېشەكنى بازار ئېغىزىدىكى بىر دەرەخكە باغلاپ، كۆمۈرنى ئۆزى يۈدۈپ بازارغا ئەكىرىپتۇ. سېتىپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ قارايلا، چۆچۈپ كېتىپتۇ. دەرەخكە بىر ئېشەك باغلاقلىق تۇرغۇدەك، ئۇچۇلۇقى ئۆزىنىڭ، نوختىسىمۇ ئۆزىنىڭ شۇغىنىسى ئۆز ئېشىكىنىڭ ئورنىدا تۇرغىنى ئورۇق، سەت بىر ئېشەك ئىكەن. بۇ قانداق ئىش؟ ئەجەبا ئېشىكىم بىر دەمدىلا مۇشۇنچىۋالا ئورۇقلاپ كەتكەنمىدۇ؟ ۋاڭ ۋۇ تەرەپ، تەرەپكە چېپىپ ئىزدەپ بېقىپتۇ، لېكىن ئېشىكىنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بۇ ئېشەكنى باۋگۈڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ئەرز سۇنۇش نىيىتىگە كەپتۇ. بىراق كىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ؟ ئويلا - ئويلا ئاخىر مۇشۇ ئورۇق ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بوپتۇ.

باۋگۈڭ دەۋا سوراشقا چۈشۈپتۇ. ۋاڭ ۋۇ نۆۋىتى كېلىش بىلەن ئورۇق ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە سوتخانىغا كىرىپ كەپتۇ - دە:



— داد باۋگوڭ ئالىيلىرى، بۇ هايۋان مېنىڭ ئېشىكىمنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئورنىغا ئۆزى تۇرۇۋاپتۇ! — دەپتۇ.

ئېشەك بولسا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقىنىچە جىممىدە تۇرغۇدەك. باۋگوڭ ئىشنىڭ جەريانىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن قاپىقىنى تۈرۈپ بىر دەم ئويلىنىپتۇ - دە:

— ئېشەكنىڭ ئاغزىغا تاقاق سېلىنسۇن! ئۈچ كۈنگىچە يېگۈزمەي، ئىچكۈزمەي سولاپ قويۇلسۇن! ئاندىن سورىقىنى قىلىمەن! — دەپتۇ.

يايىلار پىخ - پىخ كۈلۈشۈپتۇ ھەم ئىلاجسىز بۇ ئورۇق ئېشەكنى سولاپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا پۇر كېتىپ، ھەممەيلەن بۇ غەلىتە دەۋاغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۈچ كۈن توشۇپ دەۋا سورىلىدىغان بوپتۇ. نەچچە يۈز ئادەم بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرگىلى كەپتۇ.

باۋگوڭ يايىلىرىغا ئېشەكنى يالاپ ئاچىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئېشەكنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ بەكلا بىچارا كۆرۈنىدىكەن.

— بۇ قاپ يۈرەك دۆت ئېشەككە قىرىق دەررە ئۇرۇلسۇن، قاتتىقراق ئۇرۇل -

سۇن! ــ دەپ جاكالاپتۇ باۋگۇڭ.

ــ خوپ! ــ يايلار شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئېشەكنى ئۇرۇشقا چۈشۈپتۇ.

ئېشەك تاياق دەستىدىن تېپچەكلەپ، ھاڭراپ كېتىپتۇ. ئاخىر قىرىق دەر-رىمۇ ئۇرۇلۇپ بوپتۇ.

ــ ئەمدى ئېشەك قويۇۋېتىلسۇن، نەگە بارسا بارسۇن، ــ دەپتۇ باۋگۇڭ.

ئۈچ كۈن ئاچ قالغاننى ئاز دەپ راسا دۇمبالانغان ئېشەك ئۈركۈگىنىچە سوتخانىدىن ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ ـ دە، بەدەر قېچىپتۇ.

باۋگۇڭ بىر مۇلازىمى بىلەن ۋاڭ ۋۇنى ئېشەكنىڭ كەينىدىن قالماي مې-ڭىشقا بۇيرۇپتۇ.

ۋاڭ ۋۇ بىلەن مۇلازىم قىزىقچىلىق كۆرگىلى كەلگەن بىرمۇنچە كىشى بىلە-لەن ئېشەككە ئەگىشىپ بىر ئېتىزلىقتىكى ئۆيگە بېرىپ قاپتۇ ھەم ئېشەك بى-لەن تەڭلا هويلىغا كىرىپتۇ. ئاقىۋەتتە ۋاڭ ۋۇنىڭ ئېشىكى بىلەن ئېشەك ئوغ-رىسى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈپتۇ.



## 19 پاخاللىق كېمىدە يا ئوقى يىغىش

جوۋ يۈ جۇگې لياڭنىڭ قابىلىيىتىگە ھەسەت قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا بىر كۈنى جوۋ يۈ جۇگې لياڭنى ھەربىي ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەتكە چاقىرىپ:

— ساۋساۋ بىلەن ئۇرۇشۇش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمىز. سۇ ئۇرۇشىدا قانداق قورال ئىشلەتسەك ئەڭ ياخشى؟ — دەپتۇ.

— ئوقيا، — دەپتۇ جۇگې لياڭ.

— دۇرۇس. بۇ ئويۇڭ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقتى، — دەپتۇ جوۋ يۈ، — بىراق ھازىر قوشۇنىمىزدا يا ئوقى كەمچىل. شۇڭلاشقا يۈز مىڭ تال يا ئوقى تەخ قىلىسىلا. بۇ بەك مۇھىم ئىش، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

— ئالىيلىرىنىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسلىككە ھەددىمىمۇ، — دەپتۇ جۇگې لياڭ، — ئەمما بۇ يۈز مىڭ تال ئوقنى قاچان ئىشلەتمەكچىتىلە؟

— ئون كۈندە ياساپ بولغىلى بولامدۇ؟

— ئۇرۇش قىستاپ تۇرۇۋاتسا، ئون كۈنگە سوزساق قانداق بولىدۇ.

— ئەمىسە پەملىرىچە نەچچە كۈن كېتەر؟

— ئۈچ كۈن بولسىلا يېتىدۇ.

— بۇ دېگەن ھەربىي ئىش، چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئالىيلىرىغا چاقچاق قىلىشقا ھەددىمىمۇ؟ ئۈچ كۈندە تەق قىلىپ بولالمىسام، جازالىرىغا تەييارمەن.

جوۋ يۈ ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇش بوپتۇ ھەم ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىپتۇ. جۇگې لياڭ:

— بۈگۈن ئىش باشلاشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. ئەتىدىن باشلاپ ئۈگۈنلۈككىچە بەش يۈز لەشكەرنى دەرياغا بويىدىن يا ئوقى ئەكېلىشكە ئەۋەتسىلە، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

— يۈز مىڭ تال ئوقنى ئۈچ كۈندە قانداقمۇ ياساپ بولغىلى بولسۇن؟ جۇگې لياڭ يالغان ئېيتىۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپتۇ لۇ سۇ جوۋ يۈگە.

— ئۆزى شۇنداق دېدى، ئۇنى قىستىغىنىم يوق، — دەپتۇ جوۋ يۈ، — ئۇستىلارغا، ۋاقىتنى قەستەن كېچىكتۈرۈڭلار، ئۇنىڭغا ئوق ياسايدىغان ماتې-

رىياللارنى تەق قىلماي تۈرۈۋېلىشلار، دەپ قويايلى. ۋاقتى ـ قەرەلىدە يوتمىسە، جازاسىنى تارتسۇن. سىلى بېرىپ تىڭشىغلاپ، ئۇنىڭ نېمىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىدىن مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرسىلا.

لۇ سۇ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ.

— ئۈچ كۈندە يۈز مىڭ تال ئوق تەييار قىلمىسام بولمايدۇ، شۇڭا ياردەملىشىڭگە موھتاجمەن، — دەپتۇ جۇگې لياڭ.

— بۇ ئۆزلىرى تاپقان ئىش، مەن قانداق ياردەم بېرەلەيمەن؟ — دەپتۇ لۇ سۇ.

— ماڭا يىگىرمە كېمە بېرىپ تۇرسىلا. ھەر بىر كېمىدە ئوتتۇزدىن ئەسكەر بولسۇن. كېمىنىڭ ئۈستىگە كاناپ رەختتىن چېدىر تىكىلسۇن. يەنە ئىككى مىڭ باغدىن كۆپرەك پاخال تەخلىنىپ، كېمىلەرنىڭ ئىككى يېقىغا باغلانسۇن. قالغىنىغا ئۆزۈمنىڭ ئامالى بار. ئۈچ كۈندە يۈز مىڭ تال ئوقنى تەخلەپ بولىمەن. لېكىن ھازىرچە بۇنى ئالىيلىرىغا دېمەي تۇرسىلا، بولمىسا بۇ ئىشىم سۇغا چىلىشىدۇ، — دەپتۇ جۇگې لياڭ.

لۇ سۇ ماقۇل بوپتۇ ھەم قايتىپ بېرىپ جوۋ يۈگە خەۋەر يەتكۈزگەندە بۇ ئىشنى تىلغا ئالماپتۇ. ئۇنىڭ، جۇگې لياڭ بامبۇك قومۇشى، پەي، يېلىم دېگەندەك ماتېرىياللارنى كېرەك قىلماسكەن دېگەنلىرىگە قاراپ جوۋ يۈ گۇمانلىنىپ قاپتۇ ۋە:

— قېنى كۆرەرمىز، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت توشۇپ باقسۇنچۇ، ئۇ قانداق قىلالايدىكىن؟ — دەپتۇ.

لۇ سۇ تېز يۈرەر يىگىرمە كېمىنى خۇپىيانە تەييارلاپ، ھەر بىر كېمىگە ئوتتۇزدىن لەشكەر تەخلەپتۇ ھەم كېمىلەرنى جۇگې لياڭنىڭ دېگىنى بويىچە جابدۇپتۇ. تۇنجى كۈنى جۇگې لياڭدىن ھېچقانداق خەۋەر بولماپتۇ، ئىككىنچى كۈنمۇ خەۋەر بولماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تۈن يېرىمىدا جۇگې لياڭ لۇ سۇنى كېمىگە مەخپىي تەكلىپ قىپتۇ.

— مېنى چاقىرىپ نېمە قىلىدىلا؟ — سوراپتۇ لۇ سۇ.

— بىللە ئوق يىغىمىز، — دەپتۇ جۇگې لياڭ.

— نەگە بېرىپ؟

— سورىمىسىلا، بارغاندا بىلىلا، — جۇگې لياڭ شۇنداق دەپتۇ ـ دە، يىگىرمە كېمىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، شىمالىي قىرغاققا قاراپ ھەيدەشنى

بۇيرۇپتۇ.

بۇ چاغدا دەريا يۈزىنى قويۇق تۇمان باسقانلىقتىن ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا كېمىلەر ساۋساۋ قوشۇنلىرىنىڭ سۇ بويىدىكى بارگاھلىرىغا يېقىنلاپ قاپتۇ. جۇگې لياڭ دەرھال كېمىلەر بېشىنى غەربكە، قۇيرۇقىنى شەرققە توغرىلاپ ئۆزۈنېسىغا يۈرسۈن، كېمىدىكى لەشكەرلەر بولسا دۇمباق چېلىپ قىيقاس ـ چۇقان سالسۇن دەپ بۇيرۇپتۇ.

ــ ساۋساۋنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلىمىز؟ ــ سوراپتۇ لۇسۇ ھەيران بولۇپ.

ــ مۇنچىۋالا قويۇق تۇماندا ساۋساۋ لەشكەر چىقىرالمايدۇ. بىز ئارامخۇدا شاراب ئىچەيلى. تاڭ ئېتىشى بىلەن قايتىپ



كېتىمىز، — دەپتۇ جۇگې لياڭ.

دۇمباق ئاۋازى ۋە قىيقاس - چۇقانلارنى ئاڭلىغان ساۋساۋ شۇنداق پەرمان قىپتۇ:

— ياۋ قويۇق تۇماندا تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىپ كەلگەندەك تۇرىدۇ. ئىشنىڭ راست - يالغىنىنى ئۇقماي تۇرۇپ يەڭگىلتەكلىك بىلەن قوشۇن تارتساق بولمايدۇ. ئوقياچىلار ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرمىسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئو ئالتە مىڭ ئوقياچىنى دەريا بويىغا ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ. دەريا بويىدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي ئونمىڭ ئوقياچى جۇگې لياڭنىڭ كېمىلىرىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. جۇگې لياڭ ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ بولۇپ، كېمىلەرنىڭ بېشىنى شەرققە، قۇيرۇقىنى غەربكە قىلىپ ئارقىغا قايتىشقا ھەم داۋاملىق دۇمباق چېلىپ، قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

تاڭ ئاستا - ئاستا يورۇپتۇ، لېكىن تۇمان تارايدىغاندەك ئەمەس. بۇ چاغدا كېمىلەرنىڭ ئىككى يېنىدىكى پاخاللار لىققىدە ئوققا تولۇپتۇ. جۇگې لياڭ لەشكەرلىرىگە: «ساۋساۋ بېگىمنىڭ ئوقلىرىغا رەھمەت» دەپ بار ئاۋازدا توۋلاتقۇزغاندىن كېيىن يىگىرمە كېمە جەنۇبىي قىرغاققا قايتىپتۇ. ساۋساۋ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ يېتىپتۇ، ئەمما بۇ چاغدا شامال ئوڭ كەلگەنلىكتىن، جۇگې لياڭنىڭ كېمىلىرى بەك ئۇزاپ كېتىپتۇ، قوغلاپ يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

يىگىرمە كېمە قىرغاققا كېلىشى بىلەن جوۋ يۈ ئەۋەتكەن بەش يۈز لەشكەرمۇ ئوق توشۇغىلى يېتىپ كەپتۇ. ھەر بىر كېمىگە بەش - ئالتە مىڭدىن ئوق سانجىلغان بولۇپ، سانىسا يۈزمىڭ تالدىن ئارتۇق چىقىپتۇ. لۇ سۇ جوۋ يۈنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىپتۇ.

— جۇگې لياڭ ھەقىقەتەن پاراسەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭغا يېتەلمىگۈدەكمەن! — دەپتۇ جوۋ يۈ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.



1. تېكستنى روللاغا بۆلۈنۈپ ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىگىلىۋېلىڭلار:

لەشكەر　　پاراسەت　　مەي　　كاناپ رەخت

چېدىر　　مەڭگەن　　بارگاھ　　شاراب

3. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللار ئاساسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭلار:

پادىشاھ جوۋ يۈ جۇگې لياڭغا قانداق ۋەزىپە تاپشۇردى؟ ئاخىر قانداق بولدى؟ نېمە ئۈچۈن پادىشاھ: «جۇگې لياڭ پاراسەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭغا يېتەلمىگۈدەكمەن!» دەيدۇ؟

4. تېكىستتىكى ئۆزۈڭلار ياقتۇرغان جۈملىلەرنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

5. شارائىتىڭلار يار بەرسە، ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك فىلىملەرنى كۆرۈپ، بۇ ھەقتە تەسىراتىڭلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭلار.

**ماتېرىيال خالتىسى**

بۇ تېكىست ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخىي رومانى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»نىڭ 46 - بابىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان. بۇ روماندا ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىك ھەققىدىكى ھېكايىلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، ساۋ ساۋ، سۈن چۈەن، جۇگې لياڭ، جاڭ فېي، گۈەن يۈ قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. رومان ئاپتورى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدا ياشاپ ئۆتكەن لو گۇەنجۇڭ. روماندا بۇنداق قىزىقارلىق ھېكايىلەر بەك كۆپ.

## 20△ جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرۈش

ۋۇ سۇڭ بىرنەچچە كۈن يول بېسىپ، ياڭگۇ ناھىيەسى تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر ناھىيە بازىرىغا خېلى يىراق ئىدى. ۋۇ سۇڭ شۇ كۈنى ماڭا ـ ماڭا پېشىن ۋاقتى بولغاندا، قورسىقى ئاچقانلىقىنى سەزدى ـ دە، ئالدىغا قارىۋىدى، ئالدىدا بىر مەيخانا كۆرۈندى. مەيخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېسىقلىق مەي تۇغىغا «ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچكەن داۋان ئاشالماس» دېگەن سۆز يېزىقلىق ئىدى.

ۋۇ سۇڭ مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇردى ـ دە، توقمىقىنى يۆلەپ قويۇپ:

ــ ئۇستام، تېز مەي كەلتۈرۈڭ، ــ دەپ توۋلىدى.

مەيپۇرۇش ئۈچ ئاپقۇر، بىر جۈپ چوكا ۋە بىر تەخسە ئىسسىق قورۇما ئېلىپ كېلىپ، ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن بىر ئاپقۇرغا تولدۇرۇپ مەي قۇيۇپ قويدى. ۋۇ سۇڭ ئاپقۇرنى كۆتۈرگەن پېتى بىراقلا ئىچىۋەتتى ۋە يەنە:

ــ كارامەت كۈچلۈك مەي ئىكەنغۇ! ئۇستام، قېنى قورساق تويغۇزىدىغان نەرسىڭىز بولسا ئېلىپ كەلمەمسىز، ــ دېدى.

ــ پىششىق كالا گۆشى بار.

ــ مەيلى، ئىككى ـ ئۈچ جىڭ ئەپكېلىڭ.

مەيپۇرۇش ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، پىششىق كالا گۆشىدىن ئىككى جىڭ توغراپ، چوڭ بىر تەخسىگە ئېلىپ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويدى ۋە يەنە بىر ئاپقۇر مەي قۇيۇپ بەردى. ۋۇ سۇڭ ئىچىپ بولۇپ:

ــ ئېسىل مەي ئىكەن! ــ دېدى.

يەنە بىر ئاپقۇر تولدۇرۇلدى. ۋۇ سۇڭ ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، مەيپۇرۇش مەي قۇيمىدى. ۋۇ سۇڭ شىرەنى تاقىلدىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئۇستام، نېمەدەپ مەي قۇيمايسىز؟ ــ دەپ توۋلىدى.

ــ مېھمان، ئۆزلىرىگە گۆش كېرەك بولسا، مانا مەن تەييار.

ــ مەي دەۋاتىمەن، گۆشنىمۇ ئېلىپ كېلىڭ.

ــ گۆش دېسىلە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئېلىپ كېلەي، ئەمما مەينى ئەمدى

---

بۇ تېكىست شي نەيئەن، لو گۇەنجۇڭلار يازغان «سۇ بويىدا» ناملىق رومانىنىڭ 23 ـ بابىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

قويمايمەن.

— بۇ قانداق گەپ؟ نېمە قوياالماس بولۇپ قالدىڭىز؟

— مېھمان، ئىشىك ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان مەي تۇغىدىكى «ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچكەن داۋان ئاشالماس» دېگەن سۆزنى كۆرگەنلا.

— بۇ گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟

— دۇكىنىمىزدىكى مەي مەيزاپ بولسىمۇ، تەمى ئۇزاق ئېچىغان، ئالىي مەي-دىن قېلىشمايدۇ. ھەرقانداق بىر مېھمان دۇكىنىمىزغا كىرىپ ئۈچ ئاپقۇر ئىچسىلا كەيپى تۇتىدۇ - دە، ئالدىمىزدىكى داۋاندىن ئاشالمايدۇ، «ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچكەن داۋان ئاشالماس» دېگەننىڭ مەنىسى شۇ. يولۇچى مېھمانلاردىن بۇ يەرگە چۈشۈپ ئۆتكۈچىلەر ئۈچ ئاپقۇر ئىچسىلا، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىدۇ.

— مۇنداقكەن - دە، — دېدى ۋۇ سۇڭ كۈلۈپ، — مەن ئۈچ ئاپقۇر ئىچىپ بولدۇم، ئەجەب تۇتمىدىغۇ؟

— مېنىڭ بۇ مېيىمنىڭ «ئاپقۇرنىڭ ئىچىدىن ئەتىرنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇ-رىدۇ»، «بوسۇغىدا يىقىتىدۇ» دېگەن نامىمۇ بار. دەسلەپ ئېغىزغا ئالغاندا شې-رىن تېتىيدۇ، بىردەمدىن كېيىن يىقىتىدۇ.

— بولدى، جۆيلۈمەڭ! پۇلىدىن ئەنسىرىمەڭ، يەنە ئۈچ ئاپقۇر قۇيۇڭ.

مەيپۇرۇش ۋۇ سۇڭنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئۈچ ئاپقۇر قۇيدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋۇ سۇڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 15 ئاپقۇر مەي ئىچ-تى. ئۇ ئاخىر تۇقمىقىنى كۆتۈرگىنىچە يولىغا ماڭدى.

مەيپۇرۇش دەرھال چىقىپ:

— ۋوي مېھمان، قەيەرگە؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، نېمە گەپ؟ مەي پۇلىڭىزنى كەم بېرىپ قويدۇممۇ؟ نېمىگە قىچقىر-دىڭىز؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ توختاپ.

— مەن ياخشى نىيەت بىلەن دەۋاتىمەن. مۇشۇ كۈنلەردە ئالدى تەرەپتە چوق-چىيىپ تۇرغان جىڭياڭ داۋىنىدا چار كۆزلۈك، قاشقىلىق بىر يولۋاس پەيدا بوپقاپتۇدەك. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىكەن، 20 — 30 ئەزىمەتنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. خان ئالىيلىرى ئوۋ-چىلارغا شۇ يولۋاسنى تۇتۇش توغرۇلۇق دەرە مۆھلىتى بېرىپتۇ. داۋاننىڭ ئې-غىزىدا يولۇچىلار يىغىلىپ، چاشكا ۋاقىتلىرىدا توپلىشىپ ئۆتسۇن؛ تاڭ سە-ھەر، ئەتىگەن، ئەسىر، زاۋال، ياتقۇ، ئېغىر ياتقۇ ۋاقىتلىرىدا ئۆتۈشكە ئىجازەت

يوق؛ يالغۇز يولۇچىلار بولسا ساقلاپ تۇرۇپ، ئادەم كۆپەيگەندىن كېيىن ئۆتۈشۈن، دېگەن مەزمۇندا بىر ئاگاھنامە چاپلاپ قويۇلغان. ھازىر دەل كۈن پېتىۋاتقان پەيت. قاراپ تۇرسام، غەمسىز كېتىپ بارىدىلا، مۇنداق قىلسىلا، ئۆزلىرىنى بىكار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىلا...

— مەن ئۆزۈم چىڭخې ناھىيەسىدىن بولىمەن، — دېدى ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ جىڭياڭ داۋىنىدىن ئاز دېگەندىمۇ 10 — 20 قېتىم ئۆتكەندىمەن، يولۋاس بار دېگەننى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىمغۇ. سىز ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلۈپ مېنى قورقۇتىمەن دېمەڭ، يولۋاس بولغان ھالەتتىمۇ قورقۇپ قالمايمەن.

مەيپۇرۇش بېشىنى چايقىغىنىچە دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى، ۋۇ سۇڭ بولسا گۈس - گۈس دەسسەپ جىڭياڭ داۋىنىغا راۋان بولدى. ئالاھازەل 4 — 5 چاقىرىم يول باسقاندىن كېيىن، داۋاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، قوۋزىقى سويۇپ يالىڭاچلاپ قويۇلغان ئېگىز بىر دەرەختە مەيپۇرۇشنىڭ ئېيتقىنىدەك بىر ئاگاھنامە بار ئىكەن.

ۋۇ سۇڭ ئاگاھنامىنى كۆرۈپ يولۋاسنىڭ بارلىقىغا ئىشەندى. مەيخانىغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، ئەمما: «قايتىپ بارسام، جەزمەن ئۇنىڭ نامەرد ئادەم ئىكەن دېگەن كۈلكىسىگە قالىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىپ باراتتى، كەيپى تۇتقىلى تۇردى. ئۇ قالپىقىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۇچىسىغا ئارتىۋالدى، توقمىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ داۋان ئۈستىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئاخىر ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى. ئورمانلىقتا يوغان، سىلىق بىر قورام تاش تۇراتتى. ئۇ توقمىقىنى تاشقا يۆلەپ قويۇپ، تاش ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىپ، ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇرۇۋىدى، غۇرقىراپ قاتتىق بوران چىققىلى تۇردى. بوران چىقىشى بىلەن تەڭ، چاڭگاكلىشىپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن «شالدۇر - شۇلدۇر» بىر ئاۋاز كەلدى - دە، ئاق قاشقىلىق، چار كۆز بىر يولۋاس ئېتىلىپ چىقتى. ۋۇ سۇڭ بۇنى كۆرۈپ: «ئوھوي!» دەپ ۋارقىراپ، تاش ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى ۋە توقمىقىنى قولىغا ئېلىپ تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدى.

يولۋاس كەلگەن پېتى ئىككى پۇتىنى يەرگە قويا - قويمايلا تۈگۈلۈپ تۇرۇپ بىرلا سىلكىنىدى - دە، ۋۇ سۇڭنىڭ ئۈستىدىن شۇڭغۇپ ئۆتتى. ۋۇ سۇڭ چۆ-

چۈپ كەتتى. مەينىڭ كەيپى بىردىنلا مۇزدەك تەر بىلەن تارقىلىپ كەتتى. كۆزنى
يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىكمۇ پۇرسەت قالمىدى. ۋۇ سۇڭ يولۋاسنىڭ ھەملە قىلىپ
چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شارتتىدە قىيسايدى ـ دە، يولۋاسنىڭ كەينىگە ئۆ ـ
تۈۋالدى. يولۋاس كەينىدىكى ئادەمگە ئاسان قارىيالمايتتى. ئۇ ئىككى قولىنى
يەرگە تىرەپ تۇرۇپ، بىرلا شىلتىنىڭ ئاتتى ـ دە، شارتلا قىلىپ بىر تەرەپكە دا ـ
جىپ ئۆتۈۋالغان ۋۇ سۇڭغا تېگەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شۇنداق بىر ھۆركى ـ
رىدىكى، گويا كۆكتە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى، پۈتكۈل داۋانمۇ لەرزىگە كەلدى.
يولۋاس لوم تۆمۈرگە ئوخشاش قۇيرۇقىنى شىڭغايتىپ كەلگىنىچە بىرلا ساۋ ـ
دى. ۋۇ سۇڭ يەنە چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئەپقاچتى. يولۋاس بىرلا پىر ـ
قىراپ قايتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ۋۇ سۇڭ توقمىقىنى كۆتۈرگىنىچە غەزەپ
بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، توقماق ھاۋادىن ھۇشقۇيتىپ چۈشتى ـ دە، قۇلاقنى



يارغۇدەك سادا چىقتى. دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى توقماق زەربىسىدىن «قاراس ـ قۇرۇس»، «شاراق ـ شۇرۇق» قىلىپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىسا، توقماق يولۋاسقا تەگمەي، بىر توپ قاقشال دەرەخقە تەگكەنىكەن، يېرىمى قولىدا تۇرۇپتۇ.

يولۋاس ھۆكىرەپ تېخىمۇ تەرسالاشتى ـ دە، ئايلىنىپ كېلىپ قايتا ھەملە قىلدى. يولۋاس بىرلا قاڭقىپ 10 قەدەم كەينىگە داجىدى، ئالدى پۇتلىرىنى ۋۇ سۇڭنىڭ مەيدىسىگە توغرىلاپ چاڭ سېلىپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ قولىدىكى يېرىم توقماقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىككى قولى بىلەن يولۋاسنىڭ ئالىچىپار بوينىدىن قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، بىرلا كۈچەپ يەرگە باستى. يولۋاس ئۆزىنى غەزەپ بىلەن ھەر ياققا ئۇردى. ۋۇ سۇڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ يولۋاسنى قاماللىۋالغىنىچە، بوشىنىشقا ئىمكان بەرمىدى، بىر پۇتى بىلەن يولۋاسنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىۋەردى. يولۋاس پۇشۇلداپ ئاياغلىرى ئاستىدىن سېرىق لاي چاچرىتىپ ھۆركىرىگىنىچە ئازگال قىلىۋەتتى. ۋۇ سۇڭ يولۋاسقا مىنىۋېلىپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى لايغا پاتۇرۇپ خېلى ھالسىراتتى. سول قولى بىلەن يولۋاسنىڭ بوينىنىڭ تېرىسىنى قورۇپ مەھكەم قاماللىۋېلىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى بوشىتىپ، بازغاندەك مۇشتىنى تۈگۈپ جان ـ جەھلى بىلەن مۇشتلاپ كەتتى. ھەيھات، 50 — 60 مۇشت تەگكەندە، يولۋاسنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن، ئېغىز ـ بۇرۇن ۋە قۇلاق تۆشۈكلىرىدىن بۇلدۇقلاپ قان تېپىپ چىقىشقا باشلىدى. ۋۇ سۇڭ شۇ چاغدىلا مۇشتلاشتىن توختاپ، قارىياغاچ تۇۋىدىن سۇنغان توقمىقىنى تېپىۋالدى ـ دە، يولۋاسنىڭ جېنى چىقماي قالدىمىكىن دەپ، يەنە بىردەم دۇمبالىدى. يولۋاسنىڭ نەپىسى ئۈزۈلدى. ۋۇ سۇڭ: «بۇ ئۆلۈك يولۋاسنى داۋاندىن سۆرەپ چۈشەي...» دەپ قانغا مىلىنىپ ياتقان يولۋاسنى سۆرەپ باقتى، لېكىن قىمىرلىتالمىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىۋەتكەچكە، ماغدۇرى قالمىغانىدى. ئۇ قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ: «قاش قارىياي دەپ قالدى، يەنە بىرى چىقىپ قالسا قانداقمۇ تۇتۇشارمەن؟ ھازىرچە داۋاندىن چۈشۈپ كېتەي، ئەتىگەنلىككە بىر گەپ بولار» دېگەن خىيالغا كېلىپ، قالپىقىنى تېپىپ كىيىپ، چاڭگاك دەرەخلەرنى ئارىلاپ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، داۋاندىن چۈشۈپ ماڭدى.

### ماتېرىيال خالتىسى

«سۇ بويىدا» جۇڭگونىڭ داڭلىق كىلاسسىك رومانى بولۇپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سۇڭ جياڭ باشچىلىقىدىكى 108 كىشىنىڭ لياڭشەن كۆلى بويىغا يىغىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايە بايان قىلىنىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يۈز بېرىش، تەرەققىي قىلىش، مەغلۇپ بولۇش جەريانى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن.



دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۈن | قارا قۇيۇن لى كۇي | موللاتاپقاق ۋۇ يۇڭ | قاپلانباش لىن چۇڭ | شىپالىق يامغۇر سۇڭ جياڭ

## ئاددىي جۈملە

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاخىرىغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ قانداق ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىڭلار:

1. مەكتىپىمىزنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى نېمىدېگەن چىرايلىق سېلىنغان - ھە
2. مەكتىپىڭلاردا دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدىمۇ
3. ئايھاي، نېمىدېگەن كاتتا قۇرۇلۇش بۇ
4. بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكىلەر شېئىر توپلىمى تۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ

جۈملىلەر ئىپادىلىگەن مەنىسى ۋە ئاھاڭىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملە، بۇيرۇق جۈملە دەپ بۆلۈنۈشتىن باشقا، يەنە تىلىمىزدىكى جۈملىلەر ئىپادىلىگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاددىي - مۇرەككەپلىكى ۋە تەركىبىي تۈزۈلۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئاددىي جۈملە دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن:

ئاكام قايتىپ كەلدىمۇ؟

ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزدا رەتلىك ئولتۇردۇق.

ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟!

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدىغان ياكى

ھېسابلانمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار ھەم ئاساسىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار:

1) ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىكى ياپيېشىل قارىغايلار يىراق - يىراقلاردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

2) ئۆگىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كۆپىنچە ھاللاردا قىزىقىش، توغرا نىشان، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

3) گۈل - گىياھلار يالىڭاچلانغان قىش پەسلىدىمۇ باغباراڭلارنىڭ چۆرىسىدىكى ئازغانلارنىڭ چوغدەك مونچاقلىرى كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ.

2. ئاددىي جۈملە شەكلىدىكى ماقال - تەمسىل ياكى ئەقلىيە سۆزدىن ئۈچنى يې- زىڭلار:

3. مۇشۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردىن ئۆزۈڭلار ئەڭ ياقتۇرغان ئاددىي جۈملىدىن ئۈچنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:



# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

### ئاغزاكى ئالاقە

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنىڭ ۋەقەلىكى جانلىق، پېرسوناژلار ئوبرازى يارقىن. بۇ قېتىمقى ئاغزاكى ئالاقە پائالىيىتىدە تېكىست دىرامىسى ئويناپ باقايلى. ئاۋۋال قايسى تېكىستنى ياكى قايسى تېكىستنىڭ قايسى قىسمىنى دىراما قىلىپ ئويناشنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى، ئاندىن قانداق ئويناش ھەققىدە پىكىرلىشەيلى. مەسىلەن، تېكىستتىكى بايانىي تىلنى دىيالوگ شەكلىگە قانداق ئۆزگەرتىمىز؟ قانداق چىراي ئىپادىلىرىنى ياكى ھەرىكەتلەرنى قوشساق بولىدۇ؟ قانداق كىيىم ۋە جابدۇقلارنى تەييارلاش كېرەك؟ سەھنىگە قانداق چىقىمىز، سەھنىدىن قانداق چۈشىمىز؟ مۇشۇلار ھەققىدە ياخشى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، روللارغا بۆلۈنۈپ رېپېتىتسىيە قىلساق بولىدۇ. ئاخىرىدا سىنىپتا ئورۇنلاپ، باشقىلارغا كۆرسىتەيلى ھەم باھالاپ چىقايلى.



### يېزىقچىلىق مەشقى

قىسقارتىپ يېزىش دېگىنىمىز، سەھىپىسى ئۇزۇن، مەزمۇنى مۇرەككەپ ئەسەرلەرنى ئاساسىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا بىر ئوقۇش بىلەنلا ھەممىنى بىلگىلى بولىدىغان دەرىجىدە ئىخچاملاپ يېزىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

قىسقارتىپ يېزىشتىن ئىلگىرى ئەسەرنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىپ، مۇھىم نۇقتىلىرىنى بىلىۋېلىشىمىز؛ ئاندىن ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئاساسەن قايسى مەزمۇنلارنى چوقۇم ساقلاپ قېلىش كېرەك، قايسى مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىشكە

بولىدۇ دېگەنلەرنى ھەمدە ھەرقايسى مەزمۇنلارنى قانداق بىرىكتۈرۈشنى ياخشى ئويلىشۇېلىشىمىز كېرەك. ساقلاپ قېلىنىدىغان مەزمۇنلارنى ئەسلىي ھالىتى بويىچە كۆچۈرۈپ قويماي، مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ يېزىشىمىز لازىم. قىسقارتىپ يېزىپ بولغاندىن كېيىن، مەزمۇنىنىڭ توغرا، مۇكەممەل، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ راۋان، باغلىنىشلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قارىشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى مىسالغا تەقلىد قىلىپ، «مەڭگەنلىك كېمىدە يا ئوقى يىغىش» ياكى «جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرۈش» دېگەن تېكىستىنى قىسقارتىپ يېزىپ بېقىڭ. باشقا ئەسەرلەرنى قىسقارتىپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. يازغىنىڭىز ئىككى بەتتىن ئېشىپ كەتمىسۇن.

## ئۆرنەك: باۋگوڭنىڭ ئېشەكنى سوتلىشى

بۇرۇنقى زاماندا ۋاڭۋۇ ئىسىملىك بىر نامرات كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ئېشىكى بار بولۇپ، شۇنىڭدا ئوتۇن، كۆمۈر توشۇپ ئائىلىسىدىكىلەرنى باقىدىكەن.

بىر كۈنى ۋاڭ ۋۇ ئېشىكىگە كۆمۈر ئارتىپ بازارغا ساتقىلى ئاپىرىپتۇ. ئېشەكنى بازار ئېغىزىدىكى بىر دەرەخكە باغلاپ، كۆمۈرنى ئۆزى كۆتۈرۈپ بازارغا ئەكىرىپتۇ. سېتىپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ قارىسا ئۆز ئېشىكىنىڭ ئورنىدا ئورۇق، سەت بىر ئېشەك تۇرغۇدەك. ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بۇ ئېشەكنى باۋگوڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ئەرز قىلىشنىمۇ ئويلاپتۇ. بىراق كىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ؟ ئويلا ـ ئويلا ئاخىر مۇشۇ ئورۇق ئېشەكنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بوپتۇ.

باۋگوڭ سوتخانىسىغا كېلىپ دەۋا سوراشقا چۈشۈپتۇ. ۋاڭ ۋۇ نۆۋىتى كېلىش بىلەن ئورۇق ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە سوتخانىغا كىرىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ باۋگوڭدىن بۇ دەۋانى سوراپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. باۋگوڭ:

— بۇ ئېشەككە تاقاق سېلىنسۇن! ئۈچ كۈن يېگۈزمەي، ئىچكۈزمەي سولاپ قويۇلسۇن! ئاندىن ئۇنى سوتلايمەن! — دەپتۇ.

يايىلار باۋگوڭنىڭ دېگىنى بويىچە ئېشەكنى سولاپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا پۈر كېتىپ، ھەممەيلەن بۇ غەلىتە دەۋاغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن باۋگوڭ يايىلىرىغا ئېشەكنى يالاپ ئاچىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئېشەك بېشى ساڭگىلاپ بەكلا بىچارىلىشىپ كەتكەنىكەن.

— بۇ قاپ يۈرەك دۆت ئېشەكنى قىرىق دەررە ئۇرۇڭلار، قاتتىقراق! — دەپ ۋارقىراپتۇ باۋگوڭ.

— خوپ! — يايىلار شۇنداق دەپتۇ - دە، ئېشەكنى ئۇرغىلى باشلاپتۇ.

ئۈچ كۈن ئاچ قالغاننى ئاز دەپ راسا دۇمبالانغان ئېشەك ئۇركۈپ كەتكىنىدىن سوتخانىنىڭ سىرتىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ - دە، نەگىدۇر قېچىپ كېتىپتۇ.

باۋگۇڭ بىر مۇلازىمى بىلەن ۋاڭ ۋۇنى ئېشەكنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ۋاڭۋۇ بىلەن مۇلازىم ھەممە قىزىقچىلىق كۆرگىلى كەلگەن نۇرغۇن كىشى ئۇ ئېشەكنى قوغلا - قوغلا بىر ئېتىزلىقتىكى ئۆيگە بېرىپ قاپتۇ ھەم ئېشەك بىلەن تەڭلا ھويلىغا كىرىپتۇ. ئاقىۋەتتە ئۇلار ۋاڭ ۋۇنىڭ ئېشىكىنى ھەم ئېشەك ئوغرىسىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

### ئالاقە سەھنىسى

بۇ بۆلەكتىكى تېكستلەرنى ئوقۇش داۋامىدا خېلى كۆپ پېرسوناژلار بىلەن تونۇشتۇق. ئۇلاردىن كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىز ياكى كىمنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ باقايلى ھەممە سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەيلى. مەلۇم بىر پېرسوناژغا ئورتاق قىزىقىدىغانلار بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلساقمۇ بولىدۇ.

تېكستلەر ئىچىدىن ۋاڭ ۋۇ بىلەن جۇگې لياڭ، جۇگې لياڭ بىلەن ۋۇسۇڭ دېگەندەك ئىككى - ئۈچ پېرسوناژنى تاللاپ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ھەربىرىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپ باقايلى.

### تىل خەزىنىسى



يادلىۋالاي

تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى يادلىۋېلىڭلار ھەم ئۆزۈڭلارغا يارىغانلىرىنى ھۆسنخەت شەكلىدە كۆچۈرۈپ بېزەڭلار:

- باتۇر چامدايدۇ، قورقۇنچاق توختايدۇ.
- باتۇر چۈشىدە دۈشمەن كۆرەر.
- باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.
- باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت،
  ئەقىل بىلەن تۈلكە (تۇت).
- باتۇرنى مەيداندا سىنا،
  سۆزمەننى دەۋادا (سىنا).
- يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.
- بۈركۈت بوراندىن قورقماس،
  باتۇر ئۆلۈمدىن (قورقماس).
- توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا.
- قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر.



**ئوقۇپ باقاي**

«غەرىبكە ساياھەت» ناملىق ئەسەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مول تەسەۋۋۇرى ۋە ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان ئەپسانىۋى كىلاسسىك رومان. ئاپتور مول ۋە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ شاگىرتىنىڭ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتتە 99 مۇشكۈلاتنى باشتىن كەچۈرۈپ، غەرىبكە بېرىپ نوم ئېلىپ كەلگەن ھېكايىنى بايان قىلىش ئارقىلىق تاڭ سېڭ، سۈن ۋۇكۇڭ، جۇباجې، شاسېڭ قاتارلىق روشەن خاسلىققا ئىگە ئەپسانىۋى پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان.

ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھايات مۇساپىمىزدە سۈن ۋۇكۇڭ، جۇباجې قاتارلىقلار بىزنىڭ نۇرغۇن شادلىقىمىزغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. «غەرىبكە ساياھەت» دېگەن بۇ كىتابنى تېپىپ ئوقۇسىڭىز، كىتابتىكى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىكلەر سىزنى ئۆزىگە رام قىلىپ، چىگىچ ئەپسانىۋى دۇنيادىن ئايرىلغۇڭىز كەلمەي قالىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، دىۋە - ئالۋاستىلار تەسۋىرلەنگەن ناھايىتى قىزىقارلىق داڭلىق چۆچەكلەر بار، شۇلارنى تېپىپ ئوقۇساقمۇ بولىدۇ.

ئالتىنچى بۆلەك

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش: ئۇچۇر دۇنياسىغا سەپەر

بىز ئۇچۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتىمىز. دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش، رادىيو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈش، كىتاب - گېزىت ئوقۇش، تورغا كىرىش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن خەت ئالاقە قىلىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز. ھازىرقى جەمئىيەتتە ئۇچۇر مىقدارى بارغانسېرى زورايماقتا، ئۇچۇر يەتكۈزۈش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشمەكتە، كىشىلەرنىڭ ئۇچۇرلىشىش يوللىرىمۇ بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.

بىز بۇ ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇچۇرلىشىش ئۇسۇللىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇچۇرنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشىمىزغا بولغان تەسىرىنى ھېس قىلىمىز، شۇنداقلا ئۇچۇر توپلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىمىز. يەنە ئېرىشكەن ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ، ئاددىي تەتقىقات دوكلاتى يازساقمۇ بولىدۇ.



## ئۇچۇر تورمۇشىمىزنى ئۆزگەرتمەكتە

پائالىيەت تەكلىپى

قەدىمدىن ھازىرغىچە، كىشىلەر ئۇچۇرلىشىش ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ۋە ياخشىلاپ كەلدى. بىز بەزى پائالىيەتلەرنى تاللاپ قانات يايدۇرۇپ، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرىدىكى تەرەققىياتنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تورمۇشىمىزغا بولغان تەسىرىنى چۈشىنىپ باقايلى.

◇ «ئوقۇش ماتېرىيالى»دىكى ماقالىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ، ھازىرقى جەمئىيەتتە قانداق ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بارلىقىنى ھەمدە بۇرۇنقى ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى بىلەن قانداق ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەپ، ئاندىن ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

◇ ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ بىر كۈن ئىچىدە قايسى يوللار بىلەن قانداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ خاتىرىلەڭ. ئاندىن، خاتىرىڭىزگە ئاساسەن تەھلىل قىلىپ، قانداق بايقاشلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ بېقىڭ.

◇ بىز دائىم تېلېۋىزور ياكى توردىن ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز، بىراق بۇ ۋاستىلەردىن لايىقىدا پايدىلانمىساق، بەزى ناچار ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. قانداق قىلغاندا تېلېۋىزور، تور قاتارلىق ۋاستىلەردىن توغرا پايدىلانغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ياكى مۇنازىرە قىلىپ باقايلى.

◇ باشقا پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە تورمۇشىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھېس قىلىپ باقايلى.

ئوقۇش ماتېرىيالى

## 1. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ خەت - خەۋەر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى

### گۇلخان يېقىپ بەگلەرنى كولدۇرلىتىش

2700 يىللار ئىلگىرىكى غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇ يۇۋاڭ ئىسىملىك نادان، ئىقتىدارسىز بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ خانىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن، بىر ۋەزىرىنىڭ ئەخمىقانە تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ، لەشكەرلىرىنى مۇداپىئە سېپىدىكى تۇراغا ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. گۇلخاننى كۆرگەن ئەمىرلىرى دۈشمەن تاجاۋۇز قىلغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ - دە، شۇ ھامان لەشكەر باشلاپ زەربە بېرىشكە ئاتلىنىپتۇ. كېيىن، ئۇلار ھېچ ئىش يوقلۇقىنى بايقاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ. خانىش ئەمىرلەرنىڭ خۇددى چوڭ دۈشمەن كەلگەندەك لەشكەر باشلاپ كېلىپ، بىرھازا پاتىپاراق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپتۇ. خانىشىنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرگەن جۇ يۇۋاڭ قاتتىق خۇش بولۇپ، ئەقىل كۆرسەتكەن ۋەزىرىگە زور ئىنئام بېرىپتۇ.



كۆتۈلمىگەندە، ئۇزاق ئۆتمەي دۈشمەن قوشۇنى راستتىنلا پايتەختكە ھۇجۇم قىپتۇ. گەرچە جۇ يۇۋاڭ دەل ۋاقتىدا تۇرالارغا گۇلخان ياقتۇرغان بولسىمۇ، ئەمىرلەر لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخاننى كۆرۈپ، جۇ يۇۋاڭ يەنە ھىلىقى ئويۇن-نى ئويناۋاتىدۇ، دەپ قاراپتۇ - دە، ھېچقايسىسى قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈر-مەپتۇ. ئاقىۋەتتە، جۇ يۇۋاڭ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، خانىش ئەسىرگە ئېلىنىپتۇ، غەر-بىي جۇ سۇلالىسى مۇنقەرز بوپتۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز 2700 يىللار بۇرۇنلا، تۇراغا ئوت يېقىپ خەۋەر قى-لىشنى بىلگەندى.



## «بىز يەڭدۇق!»



مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 490 - يىلى، يۇنانلىقلار مارافون تۈزلەڭلىكىدە پارس تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. ئەينى چاغدا، فىددىپىس ئىسىملىك بىر ئەسكەر مارافون تۈزلەڭلىكىدىن يولغا چىقىپ، بىردەممۇ توختىماي 40 نەچچە كىلومېتىر يۈگۈرۈپ، غەلىبە خەۋىرىنى ئافىناغا يەتكۈزگەن. فىددىپىس ئافىناغا يۈگۈرۈپ بېرىپلا، بەك ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ جان - جەھلى بىلەن 40 نەچچە كىلومېتىر يۈگۈرۈشتىكى مەقسىتى: «بىز يەڭدۇق!» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا ئىدى.

## بوتۇلكىغا سېلىنغان خەت

بىلەمسىز، بىپايان دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن بوتۇلكىمۇ «خەۋەرچى»لىك رولىنى ئوينىغان. 1492 - يىلى كولومبو ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كىچىك بىر ئارالغا بارغان. ئۇلار ئارالنى خېلى تەكشۈرگەندىن كېيىن، 1493 - يىلى ياۋروپاغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇ ئۆزى چۈشكەن يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئىسپانىيەگە يېتىپ بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئىسپانىيەنىڭ ئايال پادىشاھىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى ئۆزى سىزغان ئامېرىكا خەرىتىسى بىلەن قوشۇپ بىر بوتۇلكىغا سېلىپ بوتۇلكا ئاغزىنى ھىملاپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا تاشلاپ، بوتۇلكىنىڭ لەيلەپ ئىسپانىيەگە يېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان. كىم بىلسۇن، بۇ بوتۇلكا دېڭىزدا توپتوغرا 300 نەچچە يىل لەيلەپ، 19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى ئاز-

دىن بايقالغان. بۇ خەت يەتكۈزۈلۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقى جەھەتتە، «دۇنيا بويىچە ئەڭ»لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.




## 2. ئىنتېرنېت تورى دۇنيانى جەم قىلدى

«گۈل ئەۋەتتىم پوچتىكەشتىن يىراقتىكى دوستۇمغا». قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەر يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىگە سالام يوللىماقچى بولسا، كۆپىنچە ئاتلىق پوچتىكەشلەرگە تايىناتتى. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان قاتارلىق قاتناش قوراللىرى بارلىققا كېلىپ، دۇنيادا پوچتا سىستېمىسى بەرپا بولدى. خەت - چەك، گېزىت - ژۇرناللارنى بۇ قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇغىلى بولىدغان بولدى. 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا مورس تېلېگراممىنى كەشىپ قىلدى. كېيىن، بېل تېلېفوننى كەشىپ قىلدى. تېلېگرامما ۋە تېلېفوننىڭ مەيدانغا كېلىشى خەت - ئالاقىنى ئىلگىرىكىگە باققاندا تېخىمۇ قولاي ۋە تېخىمۇ تېزلاشتۇردى.

1984 - يىلى تۇنجى كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇتېر دۇنياغا كەلدى ۋە تېزلا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 1993 - يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى» بەرپا قىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى كومپيۇتېرلارنى تورلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق جايدىن كەلگەن يېزىق، ئاۋاز ۋە سۈرەتلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ھازىر، ئۆيىڭىزدىكى كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ مائۇسنى يەڭگىل چەكسىڭىز، سىز ئەۋەتكەن ئېلېكترونلۇق

ئاتكرىتكىنى 10 مىلى چاقىرىم نېرىدىكى دوستىڭىز كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تاپشۇرۇۋالالايدۇ. ئىنتېرنېت تورى پۈتۈن دۇنيانى جەم قىلدى.




## 3. مۆجىزىكار ـــ كومپيۇتېر

بېيجىڭدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2000 ـ يىلى يېڭى يىل كېلىش ئالدىدا، كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ «ئاۋاز ۋە سۈرەت ـ لىك» ئېلېكترونلۇق يوللانما ياسىدى، ئاندىن ئۇنى ئامېرىكىدىكى نەۋرە ئاچىـ ـسىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا «تۇرغىن دائىم ئۆيىمىزنى يوقلاپ» دېگەن شېئىرنى ئۆگەتتى.

ئەسلىدە بۇنداق ئاۋاز ـ سۈرەتلىك ئەسەرنى پەقەت ئۇن ـ سىن شىركەتلىـ ـرىلا قىلالايتتى. ھالبۇكى، ھازىر ئۆزىنىڭ ئاۋازى ۋە مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ياساشتىن ئىبارەت مۆرەككەپ «ھۈنەر ـ سەنئەت»نى ئۆيدە ئولتۇرۇپلا قىلغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش! بۇ شېرىن خىيالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇ ـ تېردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نەۋرە ئاچىسىغا كومپيۇتېر ئار ـ قىلىق ناخشا ئۆگىتىشتە، ناخشا تېكىستى ۋە نوتىسىنى كومپيۇتېر ئېكرانىغا چىقىرىشتىن باشقا، يەنە كۆپ ۋاستىلىك ئۈن ئېلىش تېخنىكىسى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ناخشا ئاۋازىنى كىرگۈزگەن. نەۋرە ئاچىسىنى قىزىقىپ ئۆگىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە كاللا ئىشلىتىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جەم بولغاندىكى كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرمۇنچىسىنى چىقارغان. ئاخىرىدا، «تېز سۈرئەتلىك ئۇ ـ

چۆر يولى» ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرگەن. كۆپ ۋاسىتىلىك كومپيۇتېر ھەقىقەتەن بىر ئاجايىپ مۆجىزە.




## 4. توردا ياردەم تەلەپ قىلىش

1997 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، ئامېرىكا تېكساس ئىشتاتىنىڭ دىنتون ناھىيەسىدىكى 12 ياشلىق سانئېن مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى - دە، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تور چايخانىسىدا پاراڭغا چۈشتى.

سائەت ئالتە بولاي دېگەندە، ئۇ چايخانىدىن چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز سۇسان ئىسىملىك بىر قىزنىڭ تومۇر، قارا خەت بىلەن «ماڭا ياردەم قىلىدىغانلار بارمۇ؟» دېگەن يازمىسىنى كۆرۈپ قالدى.

سانئېن كۆڭۈلكىنى باستى: «نېمە بولدى؟»

بىردەمدىن كېيىن، قىزچاقتىن جاۋاب خەت كەلدى: «مەن نەپەس ئالالمايۋاتىمەن، ماڭا ياردەم قىلىڭ!»

سانئېن قوشۇمىسىنى تۈردى، ئۇ بۇنى چوقۇم كولدۇرلىتىش دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

لېكىن، ئېكراندا داۋاملىق خەت چىقىۋەردى: «ماڭا ياردەم قىلىڭ، نەپىسىم قىيىنلىشىۋاتىدۇ، ئورۇندۇقتىنمۇ تۇرالمايۋاتىمەن.»

سانئېن بەك بىزار بولدى، ئۇ باشقىلارنىڭ مېيىپ، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئادەم ئەخمەق قىلىشىغا ئۆچ ئىدى. ئۇ كومپيۇتېرنى ئېتىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز: «ئۇنىڭ راستىنلا جىددىي خاراكتېرلىك كېسەلگە قىيىن[illegible]پ قالغان بولسىچۇ، مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىم كېرەك» دېگەن ئوي دىن «يالت» قىلىپ ئۆتتى.

بۇ ياردەم تەلەپ قىلىش سىگنالى ھەرگىز كولدۇرلىتىش ئەمەس ئىدى. سۇ-سان فىنلاندىيەنىڭ خىلسىنكى شەھىرىدىكى بىر ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. شۇ چاغدا، ئۇ كومپيۇتېرخانىنىڭ ئىنتېرنېت توربىدا ماتېرىيال ئىزدەۋاتقان بولۇپ، تۇيۇقسىز كونا كېسىلى قوزغىلىپ، ئىككى پۇتى كۆيگەندەك ئاغرىپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇنىڭدا كىچىكىدىنلا بار غەلىتە كېسەل بولۇپ، قوزغىلىدىغان بولسا، قاتتىق ئاغرىق سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئېغىرلاش-قاندا بولسا ئۇ ئولتۇرۇپلا قالاتتى، زادىلا ماڭالمايتتى، ئىككى بىقىنى چىڭ قىسىلغاندەك بولۇپ، نەپەسى قىيىنلىشىپ كېتەتتى.

كومپيۇتېرخانا تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى، بۇ بىر قەۋەتلىك بىنادا سۇسانلا بار ئى-دى. ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن تېلېفون كارىدوردا بولۇپ، ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرى بىلەن ئۇ يەرگە بارالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ سەللا قىمىرلىسا، پۇتىنىڭ بەدىنى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆمىلەپ بېرىش كېرەكمۇ؟ بولمايدۇ، ئارىلىق بەك يىراق. توساتتىن ئۇنىڭدا ئىنتېرنېتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئويى پەيدا بولدى . ئۇ ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ، تور چايخا-نىسىغا كىرىپ، ياردەم تەلەپ قىلىش ئۇچۇرىنى تارقاتتى. سانئېن سۇسان يې-ڭىلا ئەۋەتكەن ئۇچۇردىن دەرگۇمان بولدىيۇ، كىچىك چېغىدا زىققە كېسىلى قوزغالغان چاغدىكى ئازابلىق سېزىمنى خىيالىغا كەلتۈردى.

ئۇ ئالدىراپ سورىدى:

«سىز قەيەردە؟»

«فىنلاندىيەدە.»

سانئېن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى:

«چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز؟»

سۇسانىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بىراق يەنىلا سانئېننىڭ سوئالىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ئۆزىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشىنى قارشى تەرەپنىڭ چاقچاق دەپ ئويلاپ قېلىشى ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ تەرەپكە قىيسىيىپ، سول يېرىم بەدىنىدىكى ئاغرىق ۋە ئۇيۇشۇشنى يەڭگىللەتتى، ئاندىن كېيىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئۇچۇر يازدى:

«قەسەم قىلىپ بېرەي، چاقچاق قىلمىدىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ.»

سانئېن ئايپىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە تېلېفون بېرىش قارارىغا كەلدى. ھۆكۈمەت خادىملىرى سانئېنغا سۇساندىن ئۆزى تۇ-



رۇشلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى تاپىلىدى. لېكىن، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، ئېكراندا جاۋاب كۆرۈنمىدى. سانئېن قاتتىق جىددىيلىشىپ: «تېز بولۇڭ، گەپ قىلىڭ!» دېگەن خەتلەرنى ئەۋەتتى. ئاخىر بىر قاتار رەقەملەر ئېكراندا پەيدا بولدى، بۇلار قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى.

سانئېن توم ھەرپلەر بىلەن: «بىز جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلدۇق» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ ئەۋەتتى.

سۇسان خېلى ئۇزاقتىن كېيىن جاۋاب بەردى: «ئاغرىۋاتىدۇ. بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.»




سانئېن ئېكرانغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، سۇساندىن ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئادرېسىنى سورىدى. بىردەمدىن كېيىن، ئېكراندا سۇسان ئەۋەتكەن ئادرېس پەيدا بولدى.

«ئۇ مەكتەپتە ئىكەن!» دەۋەتتى سانئېن، ئاندىن ئادرېسنى ئوقۇدى. بۇ چاغدا فىنلاندىيەدە سەھەر سائەت ئىككى بولغانىدى. ئون نەچچە مىنۇتتىن

كېيىن جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرى مەكتەپكە يېتىپ بېرىپ، سۇساننى قۇت-قۇزدى.

تۆت كۈندىن كېيىن دىنتون ناھىيەسىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارى خېلىسىنكىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى: «توردىكى ھېلىقى دوستقا رەھمەت. سۇسان دوختۇرخانىدا، ئەھۋالى ياخشى.»






# 5. ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشنى بىلەيلى

— «ئېلېكترونلۇق قاراقوللاردىن پەخەس بولۇپ، تورخانا بىلەن خوشلىشىش» پائالىيىتىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق

ساۋاقداشلار:

سىلەر مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. يېقىندا، تولۇق 3 - يىللىقنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندا يا چىرايى تاتارمىغان، يا يۈرىكى زىيادە كۈچلۈك سوقمىغان. تومۇرىمۇ سوقماي، كۆز قارىچۇقىمۇ مىدىرلىمىغان. بۇ تىپىك ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىش تۈپەيلى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كېتىشنىڭ بىر مىسالى.

تور ئىختىساسلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمۇ، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان كىشىنى ئېزىقتۇرۇپ، تەگسىز ھاڭغا تاشلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ساغلام بولمىغان بەزى تور سەھىپىلىرىنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. بەزى ساۋاقداشلار تور ئويۇنلىرىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنى تارتىۋالالمايدۇ — دە، ئۆگىنىش نەتىجىسى بىراقلا چۈشۈپ كېتىدۇ. بەزى ساۋاقداشلار ھەر كۈنى تورغا چۆكۈپ كەتكەنلىكتىن، كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ھەتتا كۆرۈش پەردىسى چۈشۈپ كېتىدۇ. بەزى ساۋاقداشلار ناچار ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالىدۇ، ھەتتا قاتىللىق قىلىش ياكى ئۆلۈۋېلىشكە ئوخشاش تۈيۇق يوللارغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز ياش — ئۆسمۈرلەرنى گۈزەل كېلەچەك كۈتمەكتە، يەنە كېلىپ، كېلەچىكىمىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدا. تورنىڭ قارا ئۆڭكۈرىگە مەپتۇن بولغان ساۋاقداشلار كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ مائۇسنى تۇتقان چېغىدا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئوبدان تەڭشىشى، تور مەنبەلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەككى، ھەرگىز ئۇنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم. ئىنتېر -
ىدىن ئىبارەت چوڭ تورنىڭ پۇت - قولىمىزنى باغلىۋېلىشىغا، روھـ -

مىزنى چۈشۈۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز، تورخانىدىكى كۆرۈنمەس تۇزاقلارغا گۈزەل ھاياتىمىزنى دەپنە قىلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم!

«دورا ئاچچىق بولغىنى بىلەن شىپا بولىدۇ، سەمىمىي نەسىھەت قۇلاققا ياقمىغىنى بىلەن، پايدا قىلىدۇ.» ساۋاقداشلار، كۆپچىلىكنىڭ تورخانىغا باغلىنىپ قالماسلىقىنى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت!






# ئۆچۆردىن پايدىلىنىپ، ئاددىي تەتقىقات دوكلاتى يېزىش

## پائالىيەت تەكلىپى

ھەربىرىمىز ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرگە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۆچۆر توپلاشقا دىققەت قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆچۆرلاردىن پايدىلىنىپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلساق، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز. بىز تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىن پايدىلىنىپ ئاددىي تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىپ باقايلى.

تۆۋەندىكى تېمىلار ئىچىدىن ئۆزىمىز قىزىققان تېمىنى ياكى باشقا تېمىنى تاللاپ، ئاددىي بىر پىلان تۈزۈپ، مۇستەقىل ياكى ساۋاقداشلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىزدىنىپ كۆرەيلى:

◇ ئائىلە تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزگىرىش

◇ سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىش

◇ كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇش، تورغا چىقىش، تەكشۈرۈش زىيارىتى قاتارلىق يوللار بىلەن ماتېرىيالغا ئېرىشىش

◇ توپلىغان ماتېرىياللار ئىچىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولغان قىسىملىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ، ئۆزىمىزنىڭ كۆزقارىشىنى ئاستا ـ ئاستا شەكىللەندۈرۈش

تۆۋەندىكى ئىككى پارچە تەتقىقات دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، تەتقىقات دوكلاتىنى قانداق يازىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشسەك، ئاندىن ... ئۆز ئالدىمىزغا يازساق ھەمدە ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماش-

ئوقۇش ماتېرىيالى

# 1. غەلىتە شەرقىي جەنۇب شامىلى

ــ دادامنىڭ يۆتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتى

ئائىلىمىز يېڭى ئۆيگە كۆچكەندىن كېيىن، نېمە ئىشلىقى نامەلۇم، دادام بىر خىل غەلىتە يۆتەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى: ئۇ بەزىدە بەك قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى، بەزىدە بوشراق يۆتىلەتتى، يەنە بەزىدە قارىسىڭىز ساپساق.

كېيىن، مەن ھەر قېتىم ئۆيىمىزنىڭ جەنۇبقا قارىغان دېرىزىسىنى ئاچقاندا، شەرقىي جەنۇب شامىلى ئۆيگە ئۇرۇلغان ھامان، دادامنىڭ قاتتىق يۆتىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. مەن ئويلىنىپ قالدىم: ئەجەبا، دادامنىڭ يۆتىلى شەرقىي جەنۇب شامىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەن ھەر كۈنى رادىيودىكى ھاۋا رايى مەلۇماتىغا دىققەت قىلغاچ، تەتقىقاتىمنى باشلىۋەتتىم، خاتىرىمۇ قالدۇرۇپ ماڭدىم:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى | ھاۋا تۇتۇق | شىمال شامىلى | يۆتەلمىدى |
| 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى | ھاۋا ئوچۇق | شەرقىي جەنۇب شامىلى | قاتتىق يۆتەلدى |
| 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى | يامغۇر ياغدى | شىمال شامىلى | يۆتىلى يېنىكلىدى |
| 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى | بۇلۇتلۇق | جەنۇب شامىلى | ئازراق يۆتەلدى |
| 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى | بۇلۇتلۇق، يامغۇر ياغدى | شىمال شامىلى | يۆتەلمىدى |
| 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى | ھاۋا ئوچۇق، كېيىن ئازراق بۇلۇتلۇق | جەنۇب شامىلى | ئازراق يۆتەلدى |
| 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى | ئوچۇق | شەرقىي جەنۇب شامىلى | قاتتىق يۆتەلدى |

هوي، دادامنىڭ يۆتىلى راستتىنلا شەرقىي جەنۇب شامىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمامدۇ؟!

مەن بايقىغانلىرىمنى دوختۇرغا ئېيتتىم. دوختۇر ماڭا، دادىڭىز سەزگۈر كانايچە ياللۇغى بولۇپ قاپتۇ دېدى. ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا سۇلفات كىسلاتا زاۋۇتى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن زەھەرلىك گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىد گازى چىقاتتى. سېزىمچانلىقى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا ئۇنىڭ پۇرىقى كىرگەن هامان، گېلى قىچىشىپ يۆتىلىپ كېتەتتى. دادام دەل گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىدقا بەك سەزگۈر بولۇپ، بۇرنىغا بۇ گاز پۇرىقى كىرگەن هامان، گېلى قىچىشاتتى ــ دە، يۆتىلىشكە باشلايتتى. مەن دادامنىڭ كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى تاپقانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇش بولۇپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن تارتىپ، شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقسا، جەنۇبقا قارايدىغان دېرىزىمىزنى چىڭ يېپىپ قويىدىغان بولدۇم. داداممۇ يۆتەلمەيتتى. مەن سۇلفات كىسلاتا زاۋۇتىنىڭ بۇلغىنىشىنى بالدۇرراق تۈزەپ، هاۋانى ساپلاشتۇرۇشىنى بەك ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا، دېرىزىنى ئېچىپ قويساقمۇ، دادامغا هېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ ــ دە!



## 2. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخى ۋە هازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش

### 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

بىزنىڭ سىنىپتا «مەھمۇد» ئىسىملىكلەردىن ئۈچى، «ئايگۈل» ئىسىملىكلەردىن ئىككىسى، «ئەركىن» ئىسىملىكلەردىن تۆتى بار، دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمىغا ئوخشىشىپ قالغانلىرى خېلى كۆپ. شۇ سەۋەبتىن، مۇئەللىم دەرس سورىغاندا، ساۋاقداشلار ئۆز ئارا ئالاقە قىلغاندا، نۇرغۇن قىزىق ئىشلار، ئوقۇشماسلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ سىنىپتا ئوخشاش ئىسىملىكلەرنىڭ كەينىگە، بويى ئېگىزلىرىنى «دارازا»، ئۆڭى ئاق سېرىق كەلگەنلەرنى «سېرىق» دەپ «لەقەمى»نى قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەت بار. مۇئەللىم بىزگە: «ئادەمنى لەقەمى بىلەن ئاتاش ياكى لەقەم قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس. ئىسىم دېگەن بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئامىللىرى يوشۇرۇنغان. ھەممىڭلارنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى بار، ئۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈش ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك» دېدى. دىققەت قىلىدىغان بولساق، بىز «ئايگۈل»، «ئەركىن»، «تۇرگۇن» دېگەندەك بەزى ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىدىكەنمىز، «ئەھمەد»، «ئابدۇللا»، «پەرھات» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى پەقەت بىلمەيدىكەنمىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇتقۇچىمىزدىن سورىدۇق. ئۇ سوئالىمىزغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، بىزنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەكشۈرۈپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈردى.

### 2. تەكشۈرۈش ئۇسۇلى

1) بىز يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىگە ئائىت كىتابلارنى كۆرۈپ چىقتۇق. ئۇيغۇر ئىسىملىرىگە ئائىت توردىكى ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆردۇق.

2) ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە مۇشۇ ساھەدە بىلىمى چوڭقۇر كىشىلەرنى زىيارەت قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ۋەلى كېرىم كۆكئالپ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىگە بولغان چۈشەنچىمىز چوڭقۇرلاشتى.

3) ھەر خىل يوللار بىلەن ئىزدىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر كىشىلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى توپلىدۇق.

## 3. تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە رەتلەنگەن ماتېرىيال

| ئۇچۇر يولى | ئىزدىنىش يۆنىلىشى | كونكرېت مەزمۇنى |
| --- | --- | --- |
| كىتاب، گېزىت - ژۇرنال | ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنىسى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى | ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تارىختا ھەر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ھەر خىل يېزىق ئىشلەتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاﺯلىق بەلگىسىدۇر. قەدىمدە ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار قوللىنىلغان بولۇپ، كېيىن ئەرەبچە، پارسچە ۋە ھازىر يېڭىچە ئىسىملار قوللىنىلماقتا. |
| كىتاب، ژۇرنال، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى | تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلىرىمىز | مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى، ئەخمەتجان قاسىمى… |
| ئىنتېرنېت تورى | ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆرۈلگەن يۈزلىنىش ۋە كەمچىلىكلەر | ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ھازىر ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى قوللىنىش، يېڭىچە بولۇش، كۆپ مەنىلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يەنە مەنىسىنى بىلمەي قوللىنىش خاھىشىمۇ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. |

## 4. خۇلاسە

1) ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، كۆپ قېتىم دىن ۋە يېزىق ئۆزگەرتكەن، بىرمۇنچە مەدەنىيەت ۋە تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تىل تەۋەلىكىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى كۆپرەك قوللانغان بولسا، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەبچە

ۋە پارسچە ئىسىملارنى قوللىنىشقا باشلىغان. «ئەركىن»، «تۇرگۇن» دېگەن ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى بىلەلىشىمىز، شۇ ئىسىملارنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم ئىكەنلىكىدىن، بىلەلمىگەن ئىسىملارنىڭ ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىسىم ئىكەنلىكىدىن بولغان. ئىزدىنىپ باقساق، ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «مەھمۇد» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «ماختاشقا سازاۋەر» دېگەنلىك بولىدىكەن؛ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»نىڭ «يۈسۈپ» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «ئاھ ئۇرغۇچى» دېگەنلىك بولىدىكەن.

2) ئىسمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋىنى بولمايدىكەن. ھەرقانداق ئىسىمنى ئۇلۇغ قىلىدىغىنى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، تىرىشچانلىقى ۋە خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئىكەن. مەسىلەن، تارىختا ئۆتكەن تونيۇقۇق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى، ئىپارخان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق مۆھتەرەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ئىش ـ ئىزلىرى ۋە تۆھپىلىرى بىلەن ئۆز ئىسمىنى مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدىگە ئايلاندۇرغان.

3) پەرزەنتلەرگە چوشىنىشلىك، مەنىسى ئىجابىي، تىلغا راۋان كېلىدىغان، ساپ ئۇيغۇرچە چىرايلىق ئىسىملارنى تاللاپ قويۇش بوگۇنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇشتىكى يۈزلىنىشى. لېكىن، يەنە غەيرىي ئىسىملارنى قويىدىغان خاھىشمۇ باش كۆتۈرمەكتە، مەسىلەن، «رېناد، رومىنو...» دېگەندەك. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى. پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىر قۇتلۇق ئىش بولسا، ئۇنىڭغا خەيرلىك ئىسىملاردىن بىرنى تاللاپ قويۇشمۇ مۇقەددەس ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

4) ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇستىدە ئىزدىنىپ بىرمۇنچە بىلىملەرگە ئىگە بولدۇق. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئوخشاش ئىسىملىكلەرنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق. بۇنىڭ بىلەن، ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرغىلى ۋە بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

△ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىزدا ئۈچۈر توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ئۇزۇكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. پائالىيەتلەرنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن

داۋاملىق قانات يايدۇرساق بولىدۇ:

△ گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتابلارنى ئاختۇرۇپ، ئۆزىمىز قىزىقىدىغان ئۇ-چۇرلارنى، قىممىتى بار ئۇچۇرلارنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ساقلاپ قويۇشقا ئەھمى-يەت بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇچۇر ئامبىرىنى بەرپا قىلىشقا ئىنتىلىپ باقساق بولىدۇ. مەسىلەن، گېزىتتىن قىيىۋېلىش، ماتېرىيال كارتىسى ياساش ھەمدە توپلىغان ئۇچۇرلىرىمىزنى پات ـ پات تۈرلەرگە ئايرىپ ۋە رەتلەپ، كېيىن ئىزدەپ تېپىشىمىز ئۈچۈن قۇلايلىق يارىتىش، ۋەھاكازالار.

△ باشقىلار بىلەن دائىم ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەريا-نىدا ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىش، ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈ-رۈش.






يەتتىنچى بۆلەك

# جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى

بۇ مەۋسۇمدىكى تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار بىلەن تونۇشتۇق. بۇ پېرسوناژلار روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇپ، بىزگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە بىز يەنە يازغۇچىلار ياراتقان بىرنەچچە پېرسوناژ ئوبرازى بىلەن تونۇشىمىز.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا يازغۇچىلارنىڭ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنى بىلىۋالايلى ھەمدە بۇ ئۇسۇللارنى يېزىقچىلىق مەشقىمىزدە قوللىنىپ باقايلى.



# 21 پېرسوناژلار تەسۋىرى

## جاڭگانىڭ «پور» بىلەن چېلىشىشى

«جاڭگا» يازغۇچى شۇ گۇاڭياۋنىڭ «كىچىك ئەسكەر جاڭگا» ناملىق باللار پوۋېستىدىكى باش قەھرىمان. «كىچىك ئەسكەر جاڭگا»دا جاڭگانىڭ لاۋجۇڭ تاغىسى، لاۋلو تاغىسى، رايونلۇق ئەترەت باشلىقى ۋە مومىلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە ھەقىقىي سەككىزىنچى ئارمىيە جەڭچىسى بولۇپ يېتىشكەنلىك جەريانى بايان قىلىنغان. تۆۋەندە بېرىلگەن بۆلەكتە جاڭگانىڭ «پور» بىلەن چېلىشقانلىقى يېزىلغان.

— ئەمىسە چېلىشىمىز.

— شۇنداقمۇ؟ — «پور» دەرھال كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىنىدى - دە، يالاڭ كەمزۇلىنى ھاپىلا - شاپىلا سېلىپ تاشلاپ، بېلىنى چىڭىتتى، — چېلىشساق چېلىشتۇق، قول تۇتۇشۇپ چېلىشامدۇق ياكى ئىختىيارىيمۇ؟

جاڭگا چېلىشقاندا يالغۇز كۈچىگىلا ئەمەس، يەنە چاققانلىقىغىمۇ تايىناتتى، شۇڭلاشقا قول تۇتۇشۇپ چېلىشىشقا ئۇنىمىدى. ئىككىيلەن «مىلتىقى» بىلەن «قامچىسى»نى بوسۇغا تۈۋىگە قويۇپ قويۇپ، ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ بىر - بىرىگە خورازلاردەك بازغىشتى. دەسلەپتە جاڭگا رەقىبىنى كالانپاي، تومپاي كۆرۈپ، قالتىس نوچىلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا مايمۇندەك سەكرەپ ئايلانغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئېپىنى تېپىپ چىرماق سالماقچى بولۇشلىرىدىن ئۇتۇۋالىمەنغۇ دەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بىراق پورمۇ چېلىشچى بولغاچ، بەل - پۇتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىنى پۇلتايتقىنىچە سەگەك بولۇپ تۇردى. ئىككىيلەن ئىككى - ئۈچ مەرتەم بازغىشقاندىن كېيىن، بىردىنلا پومىداقلىشىپ كەتتى. بۇ قېتىم جاڭگا ئۇنىڭ قىلتىقىغا دەسسەپ سالغانىدى: پور ئېغىر ھەم كۈچلۈك بولغاچقا، جاڭگا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى مىدىرلىتالمىدى. ئاخىر دېمى سىقىلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا چىرماق سالاي دېيىشىگە، پور پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى يانغا ئىتتىردى. جاڭگا تىك موللاق چۈشۈپ كەتتى.

# ئۆلۈش ئالدىدىكى يەن جيەنشېڭ

يەن جيەنشېڭ ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ساتىرىك رومانى «كوڭزىچىلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھالى»دىكى بىر پېرسوناژ. بۇ روماندا ئاپتور ۋۇ جىڭشىن ساتىرىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، فېئودال جەمئىيەتتىكى ئۆلىمالارنىڭ نام - ئاتاققا قانچىلىك بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. روماندىكى يەن جيەنشېڭ ناھايىتى پۇلدار ئادەم. تۆۋەندىكى بۆلەكتە ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ئەھۋالى يېزىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن يەن جيەنشېڭنىڭ كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ھېچ ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭمىدى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسى يوقلاپ كەلدى. بەش جيەن ئوغلى نۆۋەتلىشىپ تېۋىپنىڭ دورا تەييارلىشىغا ياردەملىشىپ تۇردى. تاۋۇز چاغىنىدىن كېيىن تېۋىپلارمۇ دورا بېرىشتىن توختىدى. يېزىدىكى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىشتى. كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن يەن جيەنشېڭنىڭ گەپتىن قالغىنىغىمۇ ئۈچ كۈن بولغانىدى. كەچتە ئۆي ئىچى ئادەمگە لىققىدە تولدى. شىرەدىكى چىنچىراغدا ئىككى تال



پىلىك ياندۇرۇقلۇق تۇراتتى. يەن جيەنشېڭنىڭ گېلىگە خەپرۇك كەپلىشىۋېلىپ، نەپىسى قىسىلماقتا ئىدى. شۇنداق يېتىپمۇ ئۇ يوتقاندىن قولىنى چىقىرىپ، ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتتى. بۇنى كۆرگەن چوڭ جيەنى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— تاغا، يەنە ئىككى قېرىندىشىم كەلمىدى دەۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى. يەن جيەنشېڭ بېشىنى چايقىدى. ئىككىنچى جيەنى كېلىپ:

— تاغا، يەنە ئىككى تال كۈمۈش بار ئوخشىمامدۇ؟ قانداق ۋەسىيەتلىرى باركەن؟ — دەپ سورىدى. يەن جيەنشېڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىغىنىچە ئاچچىقلىنىپ باش چايقىدى. بالا كۆتۈرۈۋالغان ئېمىكئانا گەپ قىستۇردى:

— ئىككى بوۋامنى كەلمىدى دەپ ئارمىنىنى قىلىۋاتاملا يا؟

يەن جيەنشېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بېشىنى چايقىدى. جاۋشى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى-دە، يەن جيەنشېڭنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بوۋا، ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى مەندىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمىگۈدەك!... سىلى ئاۋۇ چىراغقا ئىككى پىلىك سېلىپ قويۇپسىلەر، ياغ ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغان بولدى دەپ خاتىرجەم بولالمايۋاتىدىلا. ھازىرلا بېرىپ بىرىنى ئېلىۋېتەي، — دېدى ھەم شۇنداق دەپلا بېرىپ بىر تال پىلىكنى ئېلىۋەتتى. ھەممەيلەن يەن جيەنشېڭغا تىكىلىشتى. يەن جيەنشېڭ بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن قوللىرى ساڭگىلاپ تىنىقى توختىدى.



1. تېكستلەرنى توغرا، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2. تېكستلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەسەردىكى شا كىچىك جاڭگا ۋە يەن جيەنشېڭنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى سىزگە قانداق تەسىراتلارنى قالدۇردى؟ ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭلار.

3. تېكستلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى يارقىن ئېچىپ بېرىلگەن جۈملىلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىڭلار.

4. دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى تېپىپ ئوقۇپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلار تەسۋىرى بار ئۆلگىلىك سۆز-جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار.

تۇرمۇشتىكى ئاددىي ۋەقەلەرمۇ بەزىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ دەسلەپتە ئاددىي-ساددا مۇزدۇز قىزغا ناتوغرا قاراشتا بولغانلىقى، كېيىن نېمە ئۈچۈن بۇ قارىشىدىن يانغانلىقىنى بىلىۋالايلى ھەمدە ئەسەردىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىدىكى ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋالايلى.

# *22 مۇزدۇز قىز

جاندىن ئۆتىدىغان زەھەردەك ئاچچىق شامال ئاۋات كوچىنى سۆرۈن كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ۋېلىسىپىت مىنگىنىمچە ياقا يۇرتتىن كەلگەن ھېلىقى مۇزدۇز قىزنى ئىزدەۋاتاتتىم.

تېخى تۈنۈگۈنلا چەمى ئاجراپ كەتكەن سول پاي شىبلىتىمنى ياماپ بېرىشنى ئېيتقىنىمدا، ئۇنىڭ بۇ خورۇم ئاياغنىڭ چەمگە بىگىز ئۆتكۈزەلىشىدىن گۇمانلانغانىدىم. ئەمما ئۇ بەخىرامان ھالدا ئاياغنى ئېلىپ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن:

— ياماش كەتمەيدۇ، مىخلاپ قويساقلا بولدى، — دېگەنىدى.

خاتىرجەم بولالماي ئۇنىڭغا، قانچىلىك پۇل ئالىسىز ئېلىڭ، پۇختا تىكىپ بېرىڭ، دېدىم. ئۇ ماڭا يالتىىدە قاراپ قويدى - دە، يا ياق، يا ماقۇل دېمەي، تاڭ - تۇڭ قىلىپ ئۈچ تال مىخنى قېقىۋەتتى. ئاندىن بىر قولىدا ئاياغنىڭ چەمىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا قونچىدىن كۈچەپ قايرىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ: «ئەمدىغۇ خاتىرجەم بولغانسىز؟» دېمەكچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

پۇل تۆلەي دەپ يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇشۇمغا ئۇ دەرھال ئالدىرىماي تۇرۇڭ دېگەن مەنىدە قول ئىشارىسى قىلىپ، ئاياغنى كۆرسەتكىنىچە باشقا يۇرتنىڭ تەلەپپۇزىدا:

— بۇ يەرنى يامىمىسا بولمىغۇدەك، قاراڭە، سۆكۈلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئاندىن تاراق - تۇرۇق قىلىپ تىككىلى تۇردى.

كۆزگە ئانچە سىغىپ كەتمەيدىغان بۇ قىزغا سەپسالدىم. ئۇ پاكار، يۈزى

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى گۇەن سۇيلىڭ.



دومبىلاق، قاشلىرى دىقماق، دۇگىلەك كۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشىغا تىكىلگىنىچە چىمچىقلاپ تۇراتتى. قولىنىڭ ئۇششۇپ كۆكىرىپ كەتكەن دۇمبىلىرىدىن كۆپ جاپا چەككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ، قانچىلىك پۇل دىسە تالاشمايلا بىرەيچۇ، دىگەن ئويغا كەلدىم.

قىز ئاياغنى تىكىپ بولۇپ ماڭا سۇنغاچ، ئەمدى يەنە بىر پىيىنى سىلىك، دىدى. پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر پاي ئايىغىمنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

— پۇتىڭىز بەك تەرلەيدىكەن، يىپى ئاسانلا چىرىپ كېتىدۇ. ساق دىگەن تەقدىردىمۇ نەچچە كۈنگە پايلىمايدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئۇ ئايىغىمنىمۇ سالدۇرۇپ ياماشقا باشلىدى.

خىيالىمدىن تۇيۇقسىزلا، باھاسىنى دىيىشمىدىم، ناۋادا مەندىن كۆپ پۇل ئۇندۇرۇۋالىمەن دىسە قانداق قىلغۇلۇق دىگەن ئوي كەچتى ـ دە، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ئاياغنى ياماپ بولدى. ئاسماندا بىر باھا قويىدىغان بولدى ـ دە دىسەم، ئويلىمىغان يەردىن ئاتمىش تىيىن دەيدۇ. قارىغاندا ئۇ ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئىكەن. يانچۇقۇمدىن پۇل ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇم، لېكىن ما ئىشنى كۆرمەمدىغان، ھەمىنىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. جىمى يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ ئاران

ئوتتۇز تىيىن تاپتىم. قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم. نەچچە يىل ئىلگىرى رەخت سېتىۋالغاندا بىر تىيىن كەملەپ قالغانلىقى ئۈچۈن مال ساتقۇچىدىن بىرمۇنچە سېسىق گەپ ئاڭلىغىنىم ئېسىمگە كېلىپ، بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدىم. شۇ تاپتا، ئۇ بىرلا ۋارقىرايدىغان بولسا، ئادەم ئۆلىشىپ كېتەتتى. ئامالسىزلىقتىن قىزغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، قول سائىتىمنى يەشتىم ـ دە، گۆرۈگە قويۇپ تۇرماقچى بولدۇم. كىم بىلسۇن، قىز پىسىڭگىمدە كۈلۈپ:

— قېچىپ كەتسەم قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

— سىزگە ئىشىنىمەن.

شۇ تاپتا بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇشتىن باشقىنى ئويلىغۇم يوق ئىدى. ئۇنى ماقۇل دېسىكەن دەيتتىم. بىراق ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— مەنمۇ سىزگە ئىشەندىم. بولدى، مۇشۇنچىلىك بەرسىڭىز يېتەرلىك، — دېدى.

— بولمايدۇ، بۇ ئاران ئوتتۇز تىيىن تۇرسا! — دېدىم ئۇنىڭغا.

— بولدى، يېتەرلىك. ماڭا بېرىدىغاننى بېرىپ بولدىڭىز، — دېدى ئۇ بېـ-شىنى سىڭايان تۇتۇپ ماڭا خۇشخۇيلۇق بىلەن دوستانە قاراپ.

— بېرىپ بولدىڭىز دەيسىزغۇ؟ نېمىنى بەردىم؟ — سورىدىم چۈشىنەلمەي.

— سەمىمىيەتنى، ئىشەنچنى! — دېدى ئۇ بىمالال كۈلۈپ.

ئۆزۈمدىن بەكلا نومۇس قىلىپ كەتتىم. ئۇ سەمىمىيمۇ ياكى مەنمۇ؟ ئۇ ما-ڭا ئىشەندىمۇ ياكى مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىممۇ؟

ئۇنىڭغا، ئەتە چوقۇم پۇلىڭىزنى ئەكېلىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە بەردىم.

— بۇنىڭغىمۇ ئىشەندىم، ئەمما ئوتتۇز تىيىن ئۈچۈن شۇنچىلىك قىلىش كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە نەدە تۇرىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مې-نى نەدىنمۇ تاپارسىز؟ — دېدى ئۇ.

شۇنداق، بۇنداق چوڭ ناھىيە بازىرىدا ئۇنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟ شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇنى ئىزدەپ چىقتىم. مانا، كوچىمۇ كوچا ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن. كىرمىـ-گەن تار كوچىلىرىمۇ قالمىدى.

ھەي موزدۇز قىز، نەدە سىز؟

# 23 پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى

ئۇ قولىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، مېنى كەينى تەرەپتىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى ھەمدە ھېچكىم ياراتمايدىغان بىر دۆۋە كىيىمنى چىقىرىپ، ئۇ-نىڭ ئارىسىدىن ئەڭ سەت كىيىمدىن بىرنى ماڭا تەڭلىدى. بۇ كىيىم ماڭا زا-دىلا ياراشمىدى، لېكىن سەت بولغىنى بىلەن يېڭى ئىدى. ئۇنى سېتىۋالغۇم بولغاچقا، قۇسۇر ئىزدەپ ئولتۇرماي، ساتقۇچىغا ئېھتىيات بىلەن ئېغىز ئاچ-تىم:

— يېنىمغا پارچە پۇل سالماي كەپتىمەن. بۇگۈن كىيىمنى ئالغاچ كېتىپ، پۇلىنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەكېلىپ بەرسەم قانداق بولار؟

— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ سېنى پارچە پۇلى يوقمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. سەندەك بايۋەچچىلەرنىڭ يانچۇقىدىن پۈتۈن پۇللا چىقىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ساتقۇچى چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ.

ئۇنىڭ گېپىدىن زەردەم قايناپ، ئۆزۈمنى باسالمايلا قالدىم:

— بۇرادەر، تونۇمىغان ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەكلىگە قاراپلا، ئۇنىڭغا باھا بەرمىگۈلۈك. بۇ كىيىمنى سېتىۋالغۇچىلىكۇم بار، سىلەرنى پۈتۈن پۇلنى پار-چىلىيالماي قىيىنىلىپ قالمىسۇن دېگەنلا يېرىم بار شۇ.

بۇ گەپلىرىم ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىنى سەل ئۆزگەرتتى، ئەمما ئۇ يەنىلا كۆ-رەڭلىكىنى تاشلىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭمۇ يامان نىيىتىم يوق، ئەمما بىزنى يېنىڭىزدىكى پۈتۈن پۇلنى پارچىلىيالمايدۇ دەپ ئەنسىرەپ كەتمەڭ، چاتاق يوق پارچىلىيالايمىز.

مەن يېنىمدىن پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم:

— شۇنداقمۇ، ناھايىتى ياخشى، خاپا بولماڭ - ھە.

ئۇ ھېجايغىنىچە قولۇمدىن پۇلنى ئالدى، ئالدى - يۇ، شۇئان چىرايىدا خۇد-دى كۆلچەككە تاش ئاتقاندا پەيدا بولىدىغان كىچىك دولقۇنلارغا ئوخشاش قويۇق قورۇقلار پەيدا بولدى. ئۇ پۇلغا كۆز يۈگۈرتكەندە، بۇ قورۇقلار ئۇنىڭ چىرايىدا

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى مارك تىۋېن (ئامېرىكا).



قېتىپ قېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايى بەئەينى ۋېزوۋىي يانار تېغىنىڭ يېنىدىكى كىچىك تۈزلەڭلىكلەردە قېتىپ قالغان دولقۇنسىمان لاۋاغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۆمرۈمدە بۇنداق ئوسال بولغان بىچارە چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇ پەيتتە دۇكان غوجايىنى كېلىپ قالدى:

— نېمە ئىش بولدى، بىرەر چاتاق چىقمىغاندۇ؟

— ھېچقانداق چاتاق چىققىنى يوق، مەن ئۇنىڭ پۇل ياندۇرۇشىنى ساقلاۋاتىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، تودىي، ئاشقان پۇلنى تېز ياندۇرۇپ بەر.

— شۇنداق قىلايلى! بۇ ئېيتماققا ئوڭاي، ئەپەندى، بۇ پۇلنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى تودىي.

خوجايىن پۇلغا شۇنداق بىر قارىدى - يۇ، ئىختىيارسىز يەڭگىل ئىسقىرتىۋەتتى - دە، ھېلىقى ئۆتمەس ماللىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ كىيىم - كېچەكلەرنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرىگەچ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك بىرنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى:

— بىر مىلىيونىرغا نەدىكى بىر قاملاشمىغان كىيىمنى ساتقىنىڭ نېمىسى؟
تود دېگەن بۇ نانقېپى دائىم مۇشۇنداق بىمەنە ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە
مىلىيونېر بىلەن يالاڭتۆشنى پەرقلەندۈرەلمىگەچكە، دۇكانغا كەلگەن مۆتىۋەر-
لەرنى قاچۇرۇپ قويىدۇ. ھۇ كۆزى كور بوپكەتكۇر! ۋاي - ۋۇي، مەن ئىززەت-
ۋاتقان كىيىم بۇ يەردىكەن. ئەپەندى، ئۇچىڭىزدىكى كىيىمنى سېلىۋېتىڭ، ئوت-
قا سېلىۋېتەيلى. قېنى، ماۋۇ كۆڭلەك بىلەن ماۋۇ كىيىمنى كىيىۋېلىڭ. پاھ،
ئەجەب ياراشتى، سىپتا ھەم يارىشىملىق بۇ كىيىملەر سىزگە خۇددى كىنەزگە
ياراشقاندەكلا خوپ كەلدى. بۇ كىيىملەرنى ئەسلىدە بىر چەت ئەللىك شاھزادە
بۇيرۇتۇپ تىكتۇرگەنىدى. ئاپىسى كېسەللىك سەۋەبىدىن كۆز يۇماي دەپ قال-
غاچقا، بۇلارنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويۇپ، بىر قۇر مۇسىبەت كىيىمى تىكتۇ-
رۇپ كېتىپ قالدى... پاھ، بۇ شىممۇ بەك ياراشتى، ئەپەندى، ئەمدى ماۋۇ پىن-
جەكنى كىيىۋېلىڭ. تازا خوپ كەلدى، مانا ئەمدى چاپاننى كىيسىڭىز، پاھ -
پاھ، قاراڭ، ھېچقانداق ئېۋىنى يوق. بۇ ئۆمرۈمدە بۇنداق سىپتا، بۇنداق يارى-
شىملىق كىيىم تىكىپ باققان ئەمەسمەن، جۇمۇ!

مەن ئۇنىڭغا كىيىملەردىن رازى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم.

غوجايىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، ئەپەندى، بۇ كىيىملەرنى بىر مەزگىل كى-
يىپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ. بوي - بەستىڭىزنى ئۆلچىۋېلىپ، بىر قۇر كىيىم
تىكىپ بېرەي. ھەي تودىي، چاققان دەپتەر - قەلەمنى ئەكېلىپ خاتىرىلىۋال...
پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 ...

گېپىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە، ئۇ بويۇمنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆلچە-
ۋېتىپ، ماڭا تېزدىن بىرقۇر كەچلىك مۇراسىم كىيىمى، ئۆي ئىچلىك كى-
يىم، كۆڭلەك... دېگەنلەرنى تىكىپ تەييار قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
ئۇلگۇرۇپ بولدى.

ئاخىر ماڭا سۆزلەش پۇرسىتى كەلدى:

— بىراق، بۇرادەر، مېنىڭ پۇل تۆلىشىمنى قەرەلسىز ساقلىيالايدىغان بول-
سىڭىز بىر گەپ، بولمىسا بۇ كىيىملەرنى بۇيرۇتالمايمەن. بەك بولمىسا، ماۋۇ
پۇلنى پارچىلىيالىسىڭىزمۇ مەيلى ئىدى.

— قەرەلسىز؟ بۇ سۆز تازا جايىنى تاپالماي قالدى. «مەڭگۇ» دەپ بېقىڭا،
مەڭگۇ دېسەك، ئاندىن توغرا بولىدۇ، ئەپەندى. تودىي بۇ بۇيرۇتمىنى تېز پۈتكۈ-

زۇپ، بۇ ئەپەندىنىڭ داچىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار، ھەرگىز كېچىكىپ قالمى-سۇن. قالغان ئۇششاق - چۈششەك خېرىدارلار ساقلاپ تۇرسۇن. بۇ ئەپەندىنىڭ ئادرېسىنى خاتىرىلىۋالغىن، بىرنەچچە كۈنگىچە ھايالشىمايلا...

— ئۆي كۆچمەكچى بولۇۋاتىمەن، يەنە بىر قېتىم كەلگەندە سىلەرگە يېڭى ئادرېسىمنى دەپ بېرەي، — دېدىم مەن.

— بولىدۇ، ئەپەندى، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز. جىنىدەك ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن سىزنى ئۇزىتىپ چىقاي. ئەپەندى، ماقۇل ئەمىسە، خەير - خوش، خوش، ئەپەندى.



1. تېكستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، مۇھىم سۆز - جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋې-لىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىگىلىۋېلىڭلار ھەمدە خالىغان بىر نەچچىسىگە جۈملە تۈزۈڭلار:

كۆرۈمسىز تەنبەھ لاۋا يالاڭتۆش مۆتىۋەر سىپتا كىنەز

ئېۋەن ھايالشىماي مىليونېر مۇسىبەت كىيىمى قەرەلسىز

3. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى، ھەرىكىتى، روھىي قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىش ئىپادىلەنگەن سۆز - جۈملىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئوقۇشقا دىققەت قىلىڭلار. نېمە ئۈ-چۈن غوجايىن بىلەن تودىنىڭ «مەن»گە تۇتقان پوزىتسىيەسى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قال-غاندۇ؟ بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟

4. غوجايىن بىلەن تودىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى قايسى سۆزلەر بىلەن يىغىنچاق-لىغىلى بولىدىغانلىقى، تېكستتىكى قايسى تەسۋىرلەر بۇ ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى.

# ئاقلامچى 24△

لى فامىلىك بۇ كىشى ئاقلامچىلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆينى شۇنچىلىك چىرايلىق ئاقارتىدۇ. ئەڭ ھەيران قالارلىقى، ئۇ ئاقلامچىلىق قىلغاندا قارا كىيىم كىيىۋالىدۇ، ئاقارتىپ بولغاندا قارىسىڭىز، كىيىمىدىن ھېچ ئاق داغلارنى تاپالمايسىز. راست شۇنداق! ئۇ ئۆزىمۇ، ناۋادا ئۇستىبېشىمغا ھاك ـ پاك چاچراپ كەتكۈدەك بولسا، ئاقلىغىنىمغا پۇل ئالمايمەن، دەيدۇ.

بۇ بىر ھېكايە. بۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ ئىشىنىپ كېتىشى ناتايىن. بۇ كەسىپنى قىلمىغانلار ئىشەنمەيمىز دەيدۇ، قىلغانلار بولسا ئىشەنمەي تۇرۇۋېلىشى تۇرغان گەپ.

بىر كۈنى بۇ ئاقلامچى ساۋ شياۋسەن ئىسىملىك بىرىنى شاگىرتلىققا ئالدى. شاگىرتى دەسلەپتە چاي قۇيۇپ، يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىپ يۈردى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ ئاشۇ قالتىس ماھارىتىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان بولدى.

ئۇ كۈنى ساۋ شياۋسەن تۇنجى قېتىم ئۇستىسى بىلەن ئىشقا چىقىپ، يېڭى سېلىنغان بىر ئۆينى ئاقلىغىلى باردى. ئۇ يەرگە بېرىپ ساۋ شياۋسەن ئۇستىسىنىڭ ئۆي ئىگىسى بىلەن بولغان پاراڭدىن ھەقىقەتەن نوچى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ قائىدىسى بويىچە، كۈنىگە پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆي ئاقلايدىكەن. بۇ بىنادا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ توققۇز ئېغىز ئۆي بولغاچقا، توققۇز كۈن ئاقلاشقا توغرا كېلىدىكەن. ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۇ تۆت بۇرجەك بوخچىسىنى يەشتى، دەرۋەقە قارا چاپان، قارا ئىشتان، قارا ئاياغ چىقتى. بۇ قارا كىيىملەرنى كىيگەندى، چېلەكتىكى ھاك تېخىمۇ ئاپئاق كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىر ئۆيدە بىر تورۇس، تۆت تام بولىدۇ. ئاقلاش ئاۋۋال تورۇستىن باشلاندى. تورۇسنى ئاقلاش نېمىدېگەن تەس. شۇرقىراپ تۇرغان ھاكنى چوتكا بىلەن تورۇسقا سۇۋىغاندا تېمىپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇستىڭىزگىلا

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى فېڭ يىسەي.

تامدىغان گەپ. لېكىن ئاقلامچى ئۇستام چوتكىنى كۆتۈرگەندە ھاكقا چىلىمد-
غاندەك كۆرۈنەتتى - يۇ، تورۇسقا سۈرگەندە بولسا تەپتەكشى، ئاپئاق ئاقىرىپ،
ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. بۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر ئۇنىڭ ماھارىتى
قالتىس ئىكەن دېسە، بەزىلەر ئۇ ھاكنى ئالاھىدە تەڭشىۋالغان گەپ دېيىشتى.
ساۋ شياۋسەن ئۇنىڭ زادى قانداق ئاقلىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدى. ئۇستىسى
چوتكىنى خۇددى دۇمباقنى يېنىك چالغاندەك ياكى رويالنىڭ تىللىرىنى يې-
نىككىنە باسقاندەك شۇنچىلىك لەرزان ئوينىتىپ بوشلا سۇۋايتتى. پاق - پاق
قىلغان ئاۋازلىرىمۇ شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى. ئاقارتقان جايلىرى شۇ قەدەر
تەكشى، ئېۋەنسىز ئىدى. بىراق ساۋ شياۋسەننىڭ پۈتكۈل خىيالى يەنىلا ئۇس-
تىسىنىڭ ئۇستىباشلىرىغا داغ - پاغ يۇققانمىدۇ دېگەندە ئىدى.

ئاقلامچى ئۇستامنىڭ يەنە بىر قائىدىسى بار ئىدى. بىر تامنى ئاقلاپ بول-
غاندا چوقۇم ئورۇندۇقتا بىر دەم ئولتۇرۇپ، بىرەر ئىستاكان چاي ئىچەتتى.
ئاندىن يەنە ئاقلاشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ساۋ شياۋسەن ئۇستىسىغا چاي قۇ-
يۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. راستتىنلا چېكىتچىلىكمۇ
داغ يوق. شۇنىڭ بىلەن بۇ قارا كىيىملەر ئۇنىڭغا مۇقەددەس كىيىمدەك كۆرۈ-
نۈپ كەتتى.



ئاقلامچى ئۇستام ئاخىرقى تامنى ئاقلاپ بولغاندىن كېيىن ساۋ شياۋسەن ئۇنىڭ شىمىدا پۇرچاقچىلىق بىر ئاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قارا ئىچىدىكى ئاق ئاق ئىچىدىكى قارىغا قارىغاندا كۆزگە بەكرەك چېلىقاتتى. تۇگەشتى، ئۇستىسىنىڭ ئىشى سۇغا چىلاشتى. ئۇمۇ چاغلىقكەن، ئىلگىرىكى ئەپسانە تۇسىنى ئالغان گۇزەل ئوبراز ئەمدى ئۆز سىنىنى يوقاتتى. ساۋ شياۋسەن ئۇستىسىنى ئوڭايسىزلىنىپ قالمىسۇن دەپ بۇنى دېيىشتىن قورقتى، قاراۋېرىشكىمۇ پېتىنمىدى. شۇنداقتىمۇ كۆزى ئىختىيارسىز شۇ ياققا كېتىپ قالاتتى.

بۇ چاغدا ئاقلامچى ئۇستام تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ:

ــ شياۋسەن، شىمىمىدىكى ئاقنى كۆرۈپ قاپسەندە ـ ھە؟ ئۇستام تۇگەشتى، ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغانكەن دەۋاتامسەن؟ ھۇ ئەخمەق، ئىنچىكىلەپ قاراپ باق، ــ دېدى.

ئاقلامچى ئۇستام شۇنداق دېگەچ شىمىنى بوشقىنە باسقانىدى، ئۇ ئاق چېكىت يوقاپ كەتتى. قولىنى بوشاتقانىدى يەنە پەيدا بولدى. قىزىق ئىش! ساۋ شياۋسەن سىنچىلاپ قاراپ ئەسلىدە ئۇ ئاق چېكىتنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى! ئۇستىسى بايا تاماكا چەككەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆيدۈرۈۋالغانىدى. ئىچىدىكى ئاق تامبىلى تۆشۈكتىن خۇددى ھاك تېمىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەنىكەن!

ئاقلامچى ئۇستام ساۋ شياۋسەننىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

ــ ھۈنەرنى ياخشى ئۆگەن! ــ دېدى.

ساۋ شياۋسەننىڭ تۇنجى كۈنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى بەلكىم باشقىلار بىر ئۆمۈر چۈشىنەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.



# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## قوشما جۈملە

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر قوشما جۈملە دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن:

قوڭغۇراق چېلىنىپ بولدى، لېكىن ئوقۇغۇچىلار تېخىچە سىنىپقا كىرىپ بولالمىدى.

بېيجىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى، تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر، ئۇ جۇڭگونىڭ سىمۋولىدۇر.

مۇئەللىم سىنىپقا كىردى - دە، بىزگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، سۆزىنى باشلىدى.

قوشما جۈملە تەركىبىدە ئاز دېگەندە ئىككى ئاددىي جۈملە بولىدۇ. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ھەر خىل ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئاددىي جۈملىنىڭ ئاستىغا تۈز سىزىق، قوشما جۈملىنىڭ ئاستىغا ئەگرى سىزىق سىزىڭلار:

«مېنىڭ ئاتا - ئانام ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ بىرەرى رەسساممۇ ئەمەس. دادام ئۆلىما كىشى بولۇپ، يۇرت قازىسى ئىدى. مەن دادامنىڭ ئاتمىشلارغا كىرگەندە تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، دادام ماڭا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. ئىككى ياش ۋاقتىمدا ئانام تۈگەپ كەتكەچكە، مەن ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم. ئۆيىمىزدە بىرقانچە

ئەۋلاد ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئۈچ يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب بار ئىـ.ـ دى. مەن ئاشۇ كىتابلاردىكى رەسىملەرنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئامراق ئىدىم. دادام بۇ كىـ.ـ تابلارنى كۆرۈشۈمگە يول قويمايتتى، لېكىن كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەسىملەرنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. مەن بۇ رەسىملەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنى دوراپ سىزاتتىم.»

(غازى ئەھمەدنىڭ «قەلبىمدىكى ئۆتلۈق سۈرەتلەر» ناملىق كىتابىدىن)

2. تۆۋەندىكى قوشما جۈملىلەرنى ئوقـۇپ، ھەربىرىـنىڭ قانـچە ئاددىي جـۈملىدىـن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

1) مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارنى كۆرۈپ، توشقان بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېـتىپتـۇ ۋە لىككىدە سەكرەپ ئالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ ـ دە، ئالـمىلارنى ھـۈزۈرلىنىـپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

2) ئاخىر بارات ئاكا ئۇ كىشىنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىـ.ـ لەن ئارقىسىغا قايتتى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ سومكىسىـنى كۆتـۈ.ـ رىۋالدى ـ دە، ئۇچەيلەن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

3) ئايدۇربېھملارنىڭ يېزىسىدا 25 مولۇق بىر باغ بار بولۇپ، باغۋەن مۇسا تاغا ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ باغدا ئىشلەپ، باغنىڭ ئالاڭ يەرلىرىگە كۆچەت قويۇپ، مېـ.ـ ۋىسى ناچارلىرىغا ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى ئۇلاپ، بۇ باغنى ئـاجايىپ گـۈزەللەشتـۈرۈ.ـ ۋەتكەنىدى.

قوشما جۈملە شەكلىدىكى ماقال ـ تەمسىلدىن ئۈچنى يېزىڭلار:

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

### ئاغزاكى ئالاقە

## پېرسوناژلار توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىش

بۇ بۆلەككە بېرىلگەن تېكىستلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارقىن، ۋەقەلىكىمۇ ناھايىتى جانلىق. ھازىرغىچە مۇشۇنداق نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇق، شۇنداقلا كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، دىراملارنى كۆردۇق، ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلىدۇق. شۇلاردىكى بەزى پېرسوناژلار ھېلىمۇ ھەم كاللىمىزدا ساقلانماقتا. بۇ قېتىملىق ئاغزاكى ئالاقە پائالىيىتىدە ئاشۇ پېرسوناژلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئېيتىشىپ باقايلى. دەرسلىكتىكى پېرسوناژلارنى سۆزلىسەكمۇ، دەرسلىكتىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلاردىكى پېرسوناژلارنى سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ، يەنە رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنى سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كىم سۆزلىگەن ھېكايە كۆپچىلىكتە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى باھالاپ چىقايلى.



### يېزىقچىلىق مەشقى

خاسلىقى روشەن ئادەملەر كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، تاسادىپىي ھالدا بىر قېتىم كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىق مەشقىدە شۇنداق ئادەملەرنى يېزىپ باقايلى، ئەتراپىمىزدىكى تونۇش كىشىلەرنى يازساقمۇ، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ناتونۇش كىشىلەرنى يازساقمۇ بولىدۇ. يازغاندا، تېكىستلەردىكى پېرسوناژلارنى

تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا تىرىشىپ، پېرسوناژلارنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەيلى. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا باھالاپ چىقايلى، شۇنداقلا تۈزىتىپ، پېرسوناژنىڭ خاسلىقىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەيلى.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

### ئالاقە سەھنىسى

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە خۇددى تىرىك ئادەملەردەك جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ پېرسوناژلار ئىچىدە قەدىمكى زامانغا تەۋەلىرىمۇ، ھازىرقى زامانغا مەنسۇپلىرىمۇ بار؛ جۇڭگولۇقلارمۇ، چەت ئەللىكلەرمۇ بار؛ ئىجابىي پېرسوناژلارمۇ، سەلبىي پېرسوناژلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى سىزدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق تەسىرات قالدۇردى؟

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە پېرسوناژلار ئوبرازى كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق يارىتىلغان. مەسىلەن، «يۇلنىڭ سېھرىي كۈچى» دېگەن تېكىستتە دۇكان غوجايىنى بىلەن سانتقۇچىنىڭ «مەن»گە تۇتقان پوزىتسىيەسى ناھايىتى جانلىق ھەم روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش جەھەتتە سىزدە قانداق تەسىراتلار بولدى؟ بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىق مەشقىدە پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۈرەتلەشتە تېكىستلەردىكى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن قانداق ئۆگەندىڭىز؟

## تىل خەزىنىسى

شۈرلاپ تۇرۇپ، خىرقىراپ تۇرۇپ، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، مەسخىرىلىك ئاۋازدا، رەنجىگەن ئاھاڭدا، ياڭراق ئاۋازدا، جۇغى كىچىك، زىلۋا بويلۇق، تەمبەل، كەڭ غوللۇق، ئۇستىخانلىق، قامەتلىك، دوغىلاق ئوتتۇرا بوي، شەلپەردەك قىزارماق، ئاغزىنى ئۈمچەيتمەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرمەك، ھەييارلارچە كۈلۈمسىرەش، قولنى قىلچىلاپ شىلتىش، ئىككى قوللاپ سۇنماق، قول قوشتۇرۇپ تۇرماق، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، سوكۇلداپ، تىمسقىلاپ، يۈكۈنۈپ، زوڭزىيىپ، دەلدەڭشىپ، ئالچاڭلاپ، غادىيىپ، تايتاڭلاپ

## بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بىر ئەقىللىك بالا، بىر كۈچتۈڭگۈر بالا بار ئىكەن، ئۇلار دائىم كىم - كىمنى يېڭىپ چىقىدۇ دەپ تالاش - تارتىش قىلىشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرت كاتتىسى ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشنى يۇرت ئەھلى ئالدىدا بىر تەرەپ قىلىشنى جاكارلاپتۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى بىر مەيدانغا يىغىلىپتۇ.

يۇرت كاتتىسى ئەقىللىك بالا بىلەن كۈچتۈڭگۈر بالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ:

— بۈگۈن مۇشۇ مەيداندا ئۆز كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىسىلەر، لېكىن بىر شەرت بىلەن ئىشىڭلارنى تاماملاڭلار، بولمىسا ھەر ئىككىڭلارنى جازالايمەن، — دەپتۇ.

ئۇلار شەرت قويۇشنى بىر - بىرىگە ئۆتۈنۈپ خېلى تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ. لېكىن بىرلىككە كېلەلمەپتۇ، ئاخىر يۇرت كاتتىسى ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشنى توختىتىپ كۈچتۈڭگۈر بالىغا:

— قېنى، شەرتنى سەن ئوتتۇرىغا قوي، — دەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىپ:

— مەن مۇشۇ بوي - بەستىم بىلەن ئۇنىڭغا شەرت قويسام بولمايدۇ، ئۇ مېنىڭ يېرىمىمچە كېلىدىكەن، شۇڭا ئۇ ھەرقانداق شەرت قويسا مەن قوبۇل قىلاي، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئولىشىپ تۇرغان كىشىلەر كۈچتۈڭگۈر بالىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ چۇقان ساپتۇ. كۈچتۈڭگۈر بالا خالايىقنىڭ ئۆز تەرىپىنى ئالغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. يۇرت كاتتىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەقىللىك بالىغا:

— قېنى ئوغلۇم، شەرت قويۇش پۇرسىتى ساڭا نېسىپ بوپتۇ. سەن ھەر ئىككىڭلارغا ماس كېلىدىغان بىر شەرت قويغىن، — دەپتۇ.

ئەقىللىك بالا يۇرت كاتتىسىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

— ئەي، ھۆرمەتلىك ئاتا، شەرتنى مەن قويسام ئادىللىق بولمايدۇ، سىلى يۇرت كاتتىسى، شەرتكە سىلى ئېغىز ئاچسىلا، — دەپتۇ.

---

بۇ تېكىست راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم توپلاپ رەتلىگەن «ئىبرەتلىك چۆچەكلەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.



يۇرت كاتتىسى ئەقىللىك بالىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ:
— خالايىق، بۇلار بىر - بىرىگە شەرت قويالمايۋاتىدۇ، كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ. قېنى، كىم بۇلارغا ماس كەلگۈدەك بىرەر شەرت قويۇپ باقىدۇ؟ — دەپتۇ.
كىشىلەر ئارىسىدىن بىر ئاقساقال ئوتتۇرىغا چىقىپ، خالايىققا شۇ يەردىكى ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى سوقما تامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— بۇلار بىر سىقىم توپىنى ئۈچ قەدەم نېرىدىن مۇشۇ سوقما تامدىن ئۆتكۈزۈشتە بەسلەشسۇن، كىمدە كىم بىر سىقىم توپىنى سوقمىنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزەلىسە شۇ ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانسۇن، — دەپتۇ.
خالايىق ماقۇل كۆرۈشۈپ ھەدەپ كۈچتۈڭگۈر بالىغا مەدەت بەرگىلى تۇرۇپتۇ. بىر-

مۇنچە كىشىلەر بولسا تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. كۈچتۈڭگۈر بالا كۆرەڭلىگىنچە بېرىپ ئۈچ قەدەم يەردىن بىر سىقىم توپا ئېلىپ، تامغا كۈچەپ ئېتىپتۇ. كىشىلەر «ئاتتى» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. لېكىن توپا تامنىڭ يېنىغا بارا - بارمايلا شامالدا توزۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خالايىق «ھە - ھۇ» دېيىشىپ ئۇنىڭغا يەنە مەدەت بېرىشكە باشلاپتۇ. كۈچتۈڭگۈر بالا نەچچە قېتىم ئېتىپمۇ توپىنى تامنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزەلمەپتۇ. يۇرت كاتتىسى ئەقىللىك بالىنى توپىنى تامنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ. ئەقىللىك بالا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ، يېنىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، بىر سىقىم توپىنى ياغلىققا چىگىپ بىر ئاتقانىكەن، توپا تامدىن ئېشىپ، خېلى نېرىغا چۈشۈپتۇ. خالايىق ئەقىللىك بالىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇشۇپتۇ. يۇرت كاتتىسى ئەقىللىك بالىنى تەبرىكلەپ تون كىيگۈزۈپتۇ. كېيىن بۇ ئىش يۇرت ئارىلاپ ھېكايە بولۇپ تارقىلىپتۇ. بۇ كەچمىشنى ئاڭلىغان دانالار:

— بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر دېگەن شۇ - دە، — دەپ يەكۈنلىشىپتۇ.



سەككىزىنچى بۆلەك

# دۇنياغا ساياھەت

بۇ رەڭگارەڭ دۇنيادا، ۋەتىنىمىزنىڭ بىز پەخىرلىنىدىغان گۈزەل تاغ - دەريالىرى، ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىدىن باشقا يەنە بىز تېخى بىلمەيدىغان چەت ئەلنىڭ ئاجايىب مەنزىرىلىرى ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەتلىرى بار. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر چەت ئەللەرنىڭ خىلمۇخىل، رەڭدار مەنزىرە سۈرەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ، بىزنى ئاپتورلار بىللە دۇنيانىڭ تۆرلۈك جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلدۇرىدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇغاندا، ئاساسىي مەزمۇننى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتورنىڭ مەنزىرە، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى بىلىۋالايلى ھەمدە تېكىستلەردىكى ئوبرازلىق سۆزلەرنى خاتىرىلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايلى. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، يەنە تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ماتېرىيال توپلاپ، چەت ئەللەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشىنىپ باقساق بولىدۇ.



## 25 باشقىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن گۈل بېقىش

گۈزەللىكنى سۆيۈش ئادەمنىڭ تۇغما تەبىئىتى بولسا كېرەك. دۇنيادا گۈزەل نەرسىلەر بەك كۆپ، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزىلى گۈلدۇر. گۈلنى سۆيىدىغان مىللەتلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ، گېرمانىيەلىكلەر دەل شۇنداق مىللەتلەرنىڭ بىرى.

40 — 50 يىل ئىلگىرى، گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، گېرمانىيەلىك-لەرنىڭ گۈلگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ھەقىقەتەن ھەيران قال-غانىدىم. ئۇ يەردە ھەممە ئائىلە گۈل ئۆستۈرىدىكەن. ئۇلار گۈلنى جۇڭگو-



---

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى جى شيەنلىن. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.




لۇقلاردەك ئۆيدە ئۆستۈرمەستىن،
بەلكى كوچىغا قارىغان دېرىزىلىد-
رىنىڭ سىرتىدا ئۆستۈرىدىكەن.
ھەممە گۈللەر سىرتتا بولۇپ،
ئۆيدە تۇرغاندا ئۇلارنىڭ غولىنىلا
كۆرگىلى بولىدىكەن. مەن ئولتۇ-
رۇۋاتقان ئۆينىڭ ئايال غوجايىنىد-
دىن: «سىزنىڭ گۈل ئۆستۈرۈشىد-
ڭىز باشقىلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن
ئىكەن - دە!» دېسەم، ئۇ تەبەس-
سۇم بىلەن: «ھەئە، شۇنداق!» دې-
گەنىدى.

ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن.
ھەرقانداق بىر كوچىدا كېتىۋې-
تىپ بېشىڭىزنى كۆتۈرسىڭىزلا،
ھەممە ئائىلىنىڭ دېرىزىلىرى
ئالدىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا-
رەڭ گۈللەرنى كۆرىدىكەنسىز. نۇرغۇن دېرىزىلەر تۇتىشىپ گۈل دېڭىزىنى ھا-
سىل قىلىپ، كىشىنى تاغ باغرىدىكى خىلۋەت يولدا كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا
كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. ھەممە ئائىلە شۇنداق قىلىدىكەن. ئۇلار ئۆيىدىكى گۈل-
لىرىنى باشقىلارنى كۆرسۇن دەپ چىقىرىپ قويىدىكەن، كوچىدا كېتىۋاتقاندا،
باشقىلارنىڭ گۈللىرىدىن زوقلىنىدىكەن. بۇ «ھەممە مەن ئۈچۈن، مەن ھەممە
ئۈچۈن» دېگەن ھېكمەتنىڭ روھىدىن بولغانىكەن.

بۇگۈن يەنە گېرمانىيەگە كەلدىم. پويىزدىن ئەمدىلا چۈشۈشۈمگە، بىزنى كۈ-
تۈۋالغان ساھىبخانا مېنىڭدىن:

— گېرمانىيەدىن ئايرىلغىنىڭىزغا شۇنچە ئۇزاق بولدى، سىزچە ئۆزگىرىپ-
تۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزگىرىشلەر بولۇپتۇ، ئەمما گۈزەللىكى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ، — دې-
دىم مەن.

مەن دەۋاتقان «گۈزەللىك» ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى كۆرسىتەتتى، بۇلارنىڭ

ئىچىدە چىرايلىق گۈللەرمۇ بار ئىدى. كوچىدا كېتىۋاتقىنىمدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، يەنە ئۆي ـ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە! گېرمانلار نېمىدېگەن ئۆزگىچە مىللەت ـ ھە! مەن يەنە 40 — 50 يىل بۇرۇنقى چاغلارغا قايتىپ قالغاندەك، يۇرتۇمنى سېغىنىدۇرىدىغان شۇ گۈلدەك چۈشلەرنى يەنە كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم.



1. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. تېكىستنىڭ 3 ـ ئابزاسىنى يادلىۋېلىڭلار.

2. تېكىستنى ئوقۇپ، ئويلىنىپ باقايلى. ئاپتور گېرمانىيەدە قانداق گۈزەل مەنزىرىنى كۆرگەن؟

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تىرناق ئىچىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) «ھەممە مەن ئۈچۈن، مەن ھەممە ئۈچۈن» دېگەن ھېكمەتنىڭ روھى بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېقىڭلار؟

2) «ئۆزگىرىشلەر بار ئىكەن، ئەمما گۈزەللىكى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ» دېگەن جۈملىدىكى «گۈزەللىكى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشەندىڭلار؟

4. تېكىستتىكى گۈللەرنىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.



تۆۋەندىكى تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، ئويلىنىپ بېقىڭلار: تايلاندتا ئادەم بىلەن پىلنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ئىكەن؟ مۇناسىۋەتلىك ئابزاسلارنى تېپىپ، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇيلى. ئاندىن، ئالدىنقى تېكىستكە باغلاپ، ئىككى تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

# 26* پىللار بىلەن ئۇسسۇل ئويناش

تايلاندقا بارسىڭىز تاشيول ياكى ئورمانلىقتا پىللار ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ ئىنتايىن نورمال ئەھۋال، ھەيران قېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. پىل كىشىلەرنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەچكە، يەلپۈگۈچتەك سالپاڭ قۇلاقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي ـ تېنىمەي ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ.

پىل — تايلاندنىڭ دۆلەت گۆھىرى. بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى پىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇرۇن پىللار پالۋانلارنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ خەتەرلىك ئۆتكەل — قەلئەلەرگە ھۇجۇم قىلغان، قورغانلارنى قوغدىغان؛ بىرى ئونغا، ئونى يۈزگە تېتىپ، تايلاندلىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىكەن. كۆندۈرۈلگەن پىللار ئورمانلىقتىن چىققان كۈنلىرى بەلكىم شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا چوڭراق ئۆزگىرىش بولغان كۈنلەر بولۇشى مۇمكىن. تايلاندلىقلارنىڭ پىلنى ياخشى كۆرۈشى قەتئىي ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

دۆلىتىمىزدە پىل كۆرىمىز دېسەك، ھايۋانات باغچىسىدا يىراقتىنلا كۆرەلەيمىز، ئادەم بىلەن پىلنى سىم توساقلار ئايرىپ تۇرىدۇ. تايلاندتا بولسا، ئادەم بىلەن پىلنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق توسۇلغۇ بولمايدۇ. مەن پىل بىلەن جىق بىللە تۇردۇم، پىلنىڭ قۇلىقى مۈرەمگە تېگىپ تۇراتتى، تىنىقى خارتۇمىدىن ئۈستۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. دەسلەپتە مەن سەل جىددىيلەشتىم، بىراق ئەتراپىمدىكى تىنچ، خاتىرجەم تۇرغان تايلاندلىقلارنى كۆرۈپ، مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى جاۋ لىخۇڭ. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.



قالدىم. مەن پىلنى ئەڭ يېقىن ئارىلىقتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ تولىمۇ تەمكىنلىكىنى بايقىدىم. بۇ تەمكىنلىكىنىڭ ئالدىدا، سىزدىكى جىددىيلىك تەبىئىيلا بوشىشىپ كېتىدىكەن.

ئېيتىلىشىچە، پىل ئەقىللىك ھەم زېرەك ھايۋان ئىكەن. بۇ سۆزنى پىللار تايلاندتا ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان ئىكەن. مەن شەھەردە كۆرگەن پىللارنىڭ كۆپىنچىسى ئارتىس پىللار ئىكەن. كىشىلەر مەشىق قىلدۇرغاچقا، ئۇلار توپ تېپەلەيدىكەن، باشچىلاپ تىك تۇرالايدىكەن، تاماشىبىنلارغا سالام بېرەلەيدىكەن. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى، ئۇ سىزنى ئۇۋۇلاپ قويالايدىكەن. كىشىلەر يەردە قاتار ياتسا، پىللار بۇ ئادەملەر ئارىسىدىن ئالدىرىماي مېڭىپ ئۆتىدىكەن، ئۇلار ئادەم بىلەن ئادەم ئارىلىقىدىكى بوش يەرنى بايقاپ دەسسەيدىكەن. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە، تەمبەل پۇتلىرىنى سوزۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى سىلىق سىيپاپ ئۆتىدىكەن، بەزىدە خارتۇمى بىلەن كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويىدىكەن. بەزىدە يەنە تېخى ئۇلار كىشىلەرگە چاقچاق قىلىپمۇ قويىدىكەن. بىر قېتىم، مەن مۇنداق بىر ئىشنى كۆرگەنىدىم: بىر پىل خارتۇمى بىلەن بىر ئايالنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇۋالدى، ئاندىن كېيىن ئاياغنى خارتۇمى بىلەن يۆگىۋېلىپ نېرى كەتتى. يەردە ياتقان ھېلىقى ئايال جىددىيلەشكىنىدىن چىرقىراپ كەتتى. پىل ئايالنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلماي، ئاياغنى خارتۇمى بىلەن پۇلاڭلاتقىنىچە، ئولىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر توپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ـ دە، ئاندىن

ئالدىرىماي ـ تېنىمەي ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئاياغنى قايتۇرۇپ بەردى. ئايال ھەم ھەيران، ھەم خىجىل بولدى، پىلنىڭ ئەپۇ سورىغاندەك قىياپەتتە تىزىنى پۈكۈپ تەزىم قىلغانلىقىغا قاراپلا قالدى. شۇنچە يوغان پىلنىڭ تىزىنى پۈكۈپ بېشىنى لىڭشىتقاندىكى نەپىس ھەرىكىتى ئۇنى قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر مۆتىۋەرگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

مەن ئۇچۇن ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز يەنە بىر ئىش، پىلنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈش بولدى. شۇ قېتىم، باتىيادىكى دۇڭبا باغچىسىدا، بىر توپ پىللار كىشىلەرگە ئويۇن قويۇپ بەردى. ئاخىرىدا ئويۇن يۇقىرى پەللىگە چىقتى، پىللار شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى، كۆرۈرمەنلەر كەڭرى مەيدانغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئادەملەر بىلەن پىللار ئارىلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، مەيداندىكى ھەر بىر كىشى قىزغىن ھاياجانغا چۆمگەن ئىدى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان پىللاردا ئازراقمۇ كالانپايلىق يوق ئىدى، ئۇلار مۇزىكىغا جور بولۇپ باشلىرىنى چايقاپ، ئىرغاڭلىتىپ، پۇتلىرىنى دەم كۆتۈرۈپ، دەم دەسسەپ، بەدىنىنى ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلىتىپ، ئۇزۇن خارتۇملىرىنى بوشلۇقتا پۇلاڭلىتاتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئادەملەرگە ئوخشاش، مۇزىكا ساداسى ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. چىراي ئىپادىسىدىن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلىنىپ تۇراتتى. تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم: مۇبادا پىللار كۈلەلىگەن بولسا ئىدى، چوقۇم ئاجايىپ كۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.



## 27 ۋېنىتسىيەدىكى قېيىقلار

ۋېنىتسىيە دۇنياغا مەشھۇر سۇ ئۈستى شەھىرى، ئۇنىڭ دەريا ئېقىنلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قېيىقلار ئاساسلىق قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ ۋە پىكاپنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

ۋېنىتسىيەدىكى قېيىقلار 20 — 30 ئىنگلىز چىسى[1] ئۇزۇنلۇقتا، تار ھەم تېرەن، چاپما قولۋاققا سەل - پەل ئوخشاپ قالىدۇ. قېيىقنىڭ بېشى ۋە قۇيرۇق تەرىپى يۇقىرىغا قارىغان بولۇپ، ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ. سۈرئىتى تېز ۋە جانلىق، خۇددى ئېرىقتىكى سۇ يىلىنىدەك تېز يۈرىدۇ.

بىز قېيىققا ئولتۇردۇق، ئۇ ھەر خىل تاش كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆتتى. بىز دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، ئىككى قىرغاقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەدىمىي ئىمارەتلەرگە نەزەر تاشلايتتۇق، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قېيىقلارغا قول پۇلاڭلىتاتتۇق، ئىچىمىزدىن ئېيتقۇسىز بىر ھوزۇر قايناپ تاشاتتى.

قېيىقچىنىڭ ھەيدەش تېخنىكىسى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن. قېيىقنىڭ سۈرئىتى تېز، كېلىپ - كېتىۋاتقان قېيىقلار بەك كۆپ بولسىمۇ، ئۇ قىلچە تەمتىرىمەي، قېيىقنى تەبىئىي باشقۇراتتى؛ قانچە قىستا - قىستاڭ بولۇشىغا قارىماي، ئوڭغا، سولغا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. تار يەرگە توغرا كېلىپ قالسىمۇ تەمتىرىمەي ئۆتەتتى، سۈرئىتىمۇ بەك تېز ئىدى، يەنە تېخى بەزىدە جىددىي بۇرۇلۇپمۇ قوياتتى. ئىككى قىرغاقتىكى ئىمارەتلەر كەينىگە تېز - تېز ئۆتۈپ تۇراتتى. كۆزلىرىمىز قەيەرنى تاماشا قىلىشنى بىلەلمەي ئالاچەكمەن بولۇپ كېتەتتى.

تىجارەتچىلەر قېيىقتىن ئالدىراش - تېنەش چۈشۈپلا، قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ماللىرىنى دەريا بويىغا يېيىپ تىجارەتنى باشلىۋەتتى. ياش ئايالLAR قېيىقتا يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشقىنىچە كۈلۈشەتتى. بىرمۇنچە باللار بالا باققۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا، قېيىق بىلەن شەھەر ئەتراپىغا بېرىپ، ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتى.

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى مارك تىۋېن (ئامېرىكا). ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

[1] ئىنگلىز چىسى — ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، بىر ئىنگلىز چىسى 0.3048 مېتىرغا تەڭ.

يېرىم كېچىدە، تىياتىرخانىدىن قىستىلىشىپ چىقىۋاتقان توپ - توپ كىشىلەر ئۆزلىرى ياللىۋالغان قېيىقلارغا ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. بىر يەردە قىستىلىشىپ تۇرغان قېيىقلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، ئەگرى - بۈگرى دەريا قىنىدا غايىب بولۇشاتتى، قاقاھلىغان كۈلكە ۋە خوشلىشىش سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر سۇ يۈزى ئاستا - ئاستا تىنچىپ ئاي شولىسىلا بوش تەۋرىنەتتى. ھەيۋەتلىك تاش بىنالار دەريا بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، قەدىمىي كۆۋرۈكلەر سۇ ئۈستىدە توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى، چوڭ - كىچىك قېيىق، كېمىلەر پىرىستانغا توختىتىپ قويۇلغانىدى. تىمتاسلىق بۇ سۇ ئۈستى شەھىرىنى باغرىغا ئالغان، قەدىمىي ۋېنىتسىيە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.





1. تېكستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار. ئاندىن «ئەگەر بىز قېيىققا ئولتۇرۇپ ۋېنېتسىيەنى سەيلە قىلساق، قانداق تەسىراتقا ئىگە بولغان بولاتتۇق؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار.

2. تۆۋەندىكى ئابزاس ۋە جۈملىنى ئوقۇپ، ۋېنېتسىيەدىكى قېيىقلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار ھەمدە تېگىگە سىزىق سىزىلغان سۆز - جۈملىلەرنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

- ۋېنېتسىيەدىكى قېيىقلار 20 — 30 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا، تار ھەم تېرەن، چاپما قولۋاققا سەل - پەل ئوخشاپ قالىدۇ. قېيىقنىڭ بېشى ۋە قۇيرۇق تەرىپى يۇقىرىغا قارىغان بولۇپ، ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ.
- ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېز، جانلىق، خۇددى ئېرىقتىكى سۇ يىلىنىدەك تېز چاپىدۇ.

3. تېكستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، مۇناسىۋەتلىك سۆز - جۈملىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، قېيىقنىڭ ۋېنېتسىيەلىكلەر تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

4. تېكستنىڭ 4 -، 6 - ئابزاسلىرىنى يادلىۋېلىڭلار ھەمدە ئۆزۈڭلار ياقتۇرغان سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

5. يۇرتۇڭلاردىكى مەلۇم مەنزىرىنى ياكى مەلۇم شەيئىنى بىر ئابزاس سۆز بىلەن يېزىپ بېقىڭلار، يازغاندا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىڭلار.




## ۋېنېتسىيە كېچىسى

ۋېنېتسىيەنىڭ كۆك ئاسمىنىنىڭ جىلۋىگەرلىكى ۋە كېچە ئاسمىنىنىڭ يېقىملىقلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدە، دەريا يۈزى ئەينەك-

تەك تەكشى بولۇپ، ھەتتا يۇلتۇزلارنىڭ شولىسىمۇ تەۋرىنىپ قويمايتتى. قىيىقلاردىن خالىي دەريادا، ئەتراپ بىر تۇتاش زەڭگەر رەڭلىك، تىنچ بولۇپ، كۆك بىلەن سۇ بىر رەڭدە جىلۋىلىنىپ، ئادەمنى گويا گۈزەل چۈش دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇراتتى. ھاۋا شۇنچە ساپ، سۈزۈك. بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز، بۇ يەردىكى يۇلتۇزلار فىرانسىيەنىڭ غەربىي شىمالىنىڭ ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردىن خېلى كۆپتەك بىلىنەتتى. كېچە ئاسمىنىنىڭ ھەممىلا يېرى يۇلتۇزلارغا تولغان، قېنىق كۆك كېچە رەڭگى سۇسلىشىپ، يۇلتۇزلارنىڭ جۇلاسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

ئەگەر سىز بۇ يەرنىڭ يېگانە ۋە تىنچلىقىنى ھېس قىلماقچى بولسىڭىز، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ كەچتە خان جەمەتى باغچىسىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ، مەرمەر پەلەمپەيلەر بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ، قانال بويىغا بېرىپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردىكى ئالتۇن يالىتىلغان قاشا ئېتىۋېتىلگەن بولسا، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى «گاندورا» ناملىق ۋېنىتسىيە قېيىقىغا ئولتۇرۇڭ. پاتقان قۇياشنىڭ قالدۇق ھارارىتى تېخى تاراپ كەتمىگەن تاش تاختايلىق چىغىر يولنىڭ بويىغا بارسىڭىز، جىمجىتلىقىڭىزغا تەسىر يەتكۈزگۈدەك ئادەم چىقمايدۇ. كېچە شاملى لىپا دەرىخىنىڭ ئۇچلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، گۈل بەرگلىرىنى سۇ يۈزىگە چۈشۈرىدۇ. ئۇچقۇلاقلارنىڭ سۇس خۇش پۇرىقى دەممۇدەم دىمىقىڭىزغا ئۇرۇلىدۇ. سانت مارىيە چېركاۋىنىڭ قار ئۇچقۇنى شەكىللىك گەجلىك يۇملاق قۇببىسى ۋە بۇرمىسمان ئۇچلۇق مۇنارى كېچە ئاسمىنىغا بوي سوزۇپ، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە، جۈملىدىن ۋېنىتسىيەنىڭ تەڭداشسىز ئۈچ نەرسىسى — زۇمرەت سۇلىرى، كۆك ئاسمىنى ۋە نەپىس مەرمەر تاشلىرىنى بىر قەۋەت نېپىز كۈمۈش شولىغا پۈركەيدۇ.



بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى فىرانسىيە يازغۇچىسى گېئورگى سان، ئازراق ئۆزگەرتىلدى.

## 28△ گوللاندىيە تەسىراتلىرى

ئانچە كەڭ بولمىغان ئۇزۇن قانالدىكى سۇپسۇزۇك سۇ بەئەينى سىنئەينەككە ئوخشايتتى. يول ـ يوللاردىكى ئەگمە كۆۋرۈكلەر زۇمرەت سۇلارغا چىرايلىق شولا تاشلاپ تۇراتتى. دەريا بويىدىكى ئايرىم ـ ئايرىم، پاكىز، كۆركەم ئۆيلەر شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى. ھەيۋەتلىك چاقپەلەكلەر مەيىن شامالدا لەرزان ئايلىنىپ تۇراتتى.

مانا بۇ گوللاندىيەنىڭ پايتەختى ئامىستىردام.

مەن قانال تۇۋىدە ھەممىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىماقتىمەن. ئالدىمدىكىسى زادى راست مەنزىرىمىدۇ ياكى مەن بىلمەستىن گوللاندىيەنىڭ داڭلىق رەسسامى ۋان گوكنىڭ داڭلىق رەسىمىگە كىرىپ قالدىممۇ؟

چاقپەلەكنى گوللاندىيەنىڭ سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ.



گوللاندىيەنىڭ يېرى پەس، كۆپ قىسىم يەرلىرى سۇ يۈزىدىن تۆۋەن، بولغاچقا داۋاملىق سۇ تارتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چاقپەلەك دەل مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن. مۇنداقلا ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، پۈتكۈل گوللاندىيەدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق چاقپەلەك بار ئىكەن.

ئىلگىرى چاقپەلەكلەر سۇ تارتىشتىن باشقا يەنە ياغ تارتىش، ياغاچ ھەرەش، يەر سۇغىرىش، تۈگمەن قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدىكەن. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چاقپەلەكنىڭ بۇ ۋەزىپىلىرىنى تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ زامانىۋىلاشقان ئۇسۇللار ئۈستىگە ئالدى. نۆۋەتتە «تېخىچىلا كونا كەسپىنى قىلىۋاتقان» چاقپەلەكلەرمۇ تۆت ـ بەش يۈزچە بار، قالغانلىرى بولسا ساياھەتچىلىكتە كەم بولسا بولمايدىغان گۈزەل بېزەككە ئايلىنىپ كەتتى.

باھار پەسلىدە گوللاندىيە ئاجايىپ چىرايلىقلىشىپ، كۆركەم گۈللىرى بەس ـ بەستە ئېچىلىشىپ كېتىدۇ. قارامتۇل سۆسۈن پورەكلىرى، قىپقىزىل گۈل بەرگىلىرى شۇنچىلىك ئۈزلىشىپ، زېمىنغا بۆلەكچىلا ھۆسن قوشىدۇ.

قىشلىق تون ئارتقان گوللاندىيەمۇ باشقىچە جەلپكار تۈسكە تولىدۇ. قار ئۇچقۇنلىرى دەريا بويلىرىدىكى زومچەك ـ زومچەك رەڭدار ئۆيلەرگە توزۇشقا باشلايدۇ. كېچىلىرىمۇ ھەممە يەر يورۇپ تۇرىدۇ ۋە كىشىنى بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە سۈكۈناتقا چۆمدۈرىدۇ.

ئاھ، گۈزەل ھەم مەپتۇنكار گوللاندىيە!



# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

### ئاغزاكى ئالاقە

## قىزىق پاراڭ تېمىلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىش

مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە بەزى قىزىق پاراڭ تېمىلىرى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئاغزاكى ئالاقە بىزگە كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يېقىنقى چوڭ - كىچىك ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. پاراڭ تېمىسى خەلقئارادىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر بولسىمۇ، ناچار خاھىشلارغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى مەسىلىلەر ... بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. سۆزلىگەندە، كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئىشلارنى بايان قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما ئىشنىڭ جەريانىنى ئېنىق سۆزلەشكە دىققەت قىلىش لازىم. بۇ ئىشلارغا بولغان كۆزقارىشىنى سۆزلەشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما سەۋەبىنى تولۇق سۆزلەش كېرەك. ئەگەر مەلۇم تېمىغا قارىتا بىردەك تونۇشقا كېلىنسە، تېخى ياخشى.

### يېزىقچىلىق مەشقى

بۇ، مۇشۇ ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى ئاخىرقى يېزىقچىلىق مەشقى. بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىق مەشقى مەزمۇن، دائىرە جەھەتتىن چەكلەنمەيدۇ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز، تەسىراتىمىز ياكى تەسەۋۋۇرىمىز بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ يازماقچى بولغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىشقا بولىدۇ. يېزىشتىن ئىلگىرى نېمىنى يازماقچى ئىكەنلىك-

مىزنى ئېنىق ئويلىۋېلىشىمىز، يەنە بۇ ئوقۇش مەۋسۇمىدا قايسى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەنلىكىمىزنى ئەسلەپ بېقىشىمىز ھەمدە بەزى ئۇسۇللارنى بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىق مەشىقىگە تەتبىقلىشىمىز لازىم. ئەسەر مەزمۇنى كونكرېت بولۇشى، ھېسسىيات چىن، سۆز - جۈملىلەر راۋان بولۇشى، ئەڭ ياخشىسى ئىككى بەتتىن كەم بولماسلىقى لازىم. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇپ چىقىپ، كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىغان جايلىرى بولسا، ئەستايىدىل تۈزىتىشىمىز كېرەك.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش

### ئالاقە سەھنىسى

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردىن بىز ئاسىيا، ياۋروپا مەنزىرىلىرىدىن بەھرىلەندۇق. بىز كىنو، تېلېۋىزور، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللاردىن چوقۇم يەنە باشقا دىيارلارنىڭ مەنزىرىسى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. بۇ مەزمۇننى چۆرىدەپ پىكىر ئالماشتۇرساق بولىدۇ.

يېزىش ئۇسۇلى جەھەتتە، بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە بەزى ئالاھىدىلىكلەر بار. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن كۆرۈنۈش ۋە مەنزىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش. «ۋېنىتسىيەدىكى قېيىقلار»نى مىسالغا ئالساق، ئاپتور قېيىقنى چۆرىدەپ، مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قېيىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرغان. بۇنداق قىلغاندا، مەنزىرە، شەيئى ۋە ئادەمنى ئۆزئارا باغلاپ، ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىز بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى چۆرىدەپ، ئۆگىنىش ھاسىلاتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ باقايلى.

بۇ مەۋسۇم ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىز يەنە تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىش جەھەتتىكى ھاسىلات ۋە تەسىراتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە سۆزلىشىپ باقايلى.

☆ قىممىتىم بولسۇن دېسەڭ، دۇنياغا قىممەت يارات.

— گىيوتې (گېرمانىيە)

☆ ئەي، غەرب شامىلى، قىش كىرگەن بولسا، باھار كەلمەي قالامدۇ؟

— شېللېي (ئەنگلىيە)

☆ مېۋىلىك دەرەخ قىممەت يارىتىدۇ، گۈل گۈزەللىك يارىتىدۇ. بىراق مەن يەنىلا ئۇن - تىنسىز سايە تاشلايدىغان يوپۇرماقنىڭ ئىشىنى قىلاي.

— تاگور (ھىندىستان)

☆ مۇبادا تۇرمۇش سېنى ئالداپ قويسا، تىت - تىت بولما، قايغۇرۇپمۇ كەتمە، ئازابلىق كۈنلەرنى تەمكىنلىك بىلەن ئۆتكۈز. ئىشەنگىنكى، خۇشال كۈنلەر ھامان يېتىپ كېلىدۇ.

— پۇشكىن (رۇسىيە)

**قىزىقارلىق ئەدەبىيات**

## قول سائىتى ئېلانى

چەت ئەلنىڭ بىر قول سائىتى شىركىتىنىڭ ئېلانى:

«شىركىتىمىزنىڭ دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى رېمونتچىلىرى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ يۈرمەكتە.»

## ئەڭ قىسقا ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايە

ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى زامان ئىلمىي فانتازىيە ھېكايە يازغۇچىسى فىرېدرىك بىرانت ئىنتايىن قىسقا بىر ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايە يازغان. بۇ ھېكايە پەقەت بىر جۈملىكلا:

«يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرسا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى...»

# قاتناش ئېلانى

مالايسىيانىڭ رۇفۇ شەھىرىنىڭ قاتناش تارماقلىرى قاتناش بىخەتەرلىكى ھەپتىلىكىدە، شەھەرگە مۇنداق ئېلان چاپلىغان:

«پىكاپىڭىزنى 30 ئىنگلىز مىلىدىن ئاستا ھەيدىسىڭىز بۇ شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنالايسىز؛ 60 ئىنگلىز مىلىدىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز سوتخانىغا مېھماندارچىلىققا بارىسىز؛ 80 ئىنگلىز مىلىدىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز شەھىرىمىزنىڭ ئەسلىھەلىرى ئەڭ يېڭى بولغان جىددىي قۇتقۇزۇش دوختۇرخانىسىغا بارىسىز؛ 100 ئىنگلىز مىلىدىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز سىزگە ئەلۋىدا!»






# 1. سۇۋادان

دېرىزە سىرتى پايانسىز چۆللۈك، نە تاغ، نە سۇ، نە بىرەر ئادەمنىڭ سايىـ
سىمۇ يوق. ئاسمان بىلەن يەر چەك ـ چېگراسى يوقتەك، سارغۇچ رەڭدە تۇتىـ
شىپ كەتكەن.

پويىزنىڭ مېڭىۋاتقانلىقىنى نېمىدىن بىلگىلى بولار؟

پەقەت تۆمۈر يول بويىدىكى قاتار كەتكەن سۇۋادانلارغا قاراپلا بىلگىلى بولىـ
دۇ. چۈنكى دېرىزە سىرتىدىن نەچچە سېكۇنتتا بىر ئېگىز گەۋدە يالت ـ يۇلت
ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

بىر يولۇچى بۇ چۆل قوغدىغۇچىلىرىغا قىزىقىپ قالدى.

ــ دادا، ــ دېدى ئۇ دادىسىنىڭ پۈتىنى تۇرتۇپ، ــ ئاۋۇ دەرەخ نېمىدېگەن
ئېگىز ـ ھە!

دادىسىنىڭ ئېغىر خىيالغا پاتقانلىقىنى كۆرگەن سىڭلىسى گەپكە ئارىلاشـ
تى:

ــ ياق، ئۇ دەرەخ ئەمەس، يوغان كۈنلۈك.



بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى يۈەن يىڭ. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

ــ كۆنلۆكمۇ شۇنچىلىك چوڭ بولامدۇ؟

ــ ئوبدان قارىمامسەن! ــ دېدى سىڭلىسى ئۆز سۆزىنى ياقلاپ.

ــ ئۇ كۆنلۆك ئەمەس، دەرەخ! ــ دېدى ئاكىسى كەسكىنلىك بىلەن.

ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى دادىسىنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ كۈلۈمسىرى-
گىنچە بالىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ ئۇلار كۆنلۆك ئەمەس، سۇۋادان، ــ دېدى.

ــ نېمىشقا ئۇ مۇنچىۋالا تۈز ھەم ئېگىز ئۆسىدۇ؟ ــ سورىدى ئاكىسى زى-
غىرلاپ.

دادىسى كۈلۈشتىن توختاپ جىددىي قىياپەتكە كىردى. بىر دەم ئويلىنىۋال-



غاندىن كېيىن ئوغلى بىلەن قىزىغا دېدى:

— سۇۋادان دېگەن ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق تۇز كېلىدۇ. نەگە تىكىلسە شۇ يەرگە دەرھال يىلتىز تارتىدۇ. قۇم بوران، شىۋىرغان سوقسىمۇ، قۇرغاقچىلىق ياكى كەلكۈن كەلسىمۇ، يەنىلا شۇنداق تىك، قەيسەر تۇرىدۇ. بوشاشمايدۇ، باش ئەگمەيدۇ.

دادىسى شۇ تاپتا بالىلىرىغا سۇۋادان ھەققىدىلا سۆزلەۋاتامدۇ؟ ياق، شۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىنىڭ قەلبىنىمۇ يېشىپ بېرىۋاتىدۇ. لېكىن بالىلىرى ھازىرچە بۇنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇلار پەقەت دادىسىنىڭ، ئاپىسىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەيدىغانلىقىنىلا، دادىسىنىڭ بۇ قېتىم مومىسىنى يوقلىغاچ ئۇلارنى شىنجاڭغا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقىلى ئېپىماڭغانلىقىنىلا، كېيىنچە تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ شۇ يەردە ئوقۇيدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ. ئۇلار پەقەت شىنجاڭنىڭ ناھايىتىمۇ يىراق جايدا ئىكەنلىكىنى، پويىزدا نەچچە كۈن ئولتۇرۇپ، ئاپتوبۇستا يەنە نەچچە كۈن ماڭىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ.

مانا ئەمدى، ئۇلار يەنە بىر بىلىم ئۆگىنىۋالدى. شىنجاڭغا ماڭىدىغان يولدا نۇرغۇن سۇۋادانلار بولىدىكەن. بۇ يەر ئۇلارغا موھتاج بولغاچقا، ئۇلار مۇشۇ جايغا يىلتىز تارتىپتۇ.

دادىسى بالىلىرىنى قۇچاقلاپ دېرىزە سىرتىدىكى سۇۋادانلارغا تىكىلگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ مىيىقىدا كۈلكە پەيدا بولدى. چۈنكى ئۇ پويىزنىڭ ئالدى ئوڭ تەرىپىدىكى يوغان ھەم ئېگىز بىر سۇۋادانىنىڭ قېشىدا بىرنەچچە تۈپ سۇۋادان كۆچىتىنىڭ قۇم بوراندا قەيسەرانە قەد كېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

## 2. ئارزۇيۇم

كىچىككىنە قوللىرىم مېنىڭ
ئايلانسىكەن شاخ ـ شۇمبىلارغا؛
ئېچىلسىكەن چېچەكلەر ئۇندا،
چۆمۈپ ئىللىق قۇياش نۇرىغا.
تەۋرەنگەنچە مەيىن شامالدا
قوشاق قاتسام گۈزەل باھارغا.

كىچىككىنە پۇتلىرىم مېنىڭ
ئايلانسا ھەم يىلتىزلىرىغا.
كىرىپ نەمخۇش، مۇنبەت تۇپراققا،
ئېرىشسە مول ئوزۇقلىرىغا.
ئۆسسەم، ئۆسسەم، ئۆسۈپ ئاخىرى
ئايلانسام بىر يېشىل ئارچىغا.

ئوماققىنە كۆزلىرىم مېنىڭ
ئايلانسىكەن ئۇچقۇر لەگلەككە.
كىرىپ باقسام بۇلۇت قوينىغا،
ئاداش بولسام نۇرانە كۈنگە.
زۇمرەت كەبى بىپايان ئاسمان،
دەرسخانام بوپ قالسا ھەممە.

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى گاۋ خۇڭبو. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

ئۇرۇق بولۇپ چېچىلسام يەنە،
باھار پەسلى ئانا تۇپراقتا.
ئۈنۈپ چىقسام يېشىل گىياھ بوپ،
تولسا گۈلۈم خۇشبۇي پۇراقتا.
ياخشىسى تال ئۇرۇقى بولاي،
يا ئايلىناي بىر تال مامكاپقا.
توزغاق بولۇپ گۈزەل ئارزۇيۇم،
ئۇچۇپ بارسۇن يىراق ـ يىراققا.



## 3. ئىككى ھېكايە

### بىر جۈملە سۆز قوشۇپ قويۇش

بىر كۈنى فىرانسىيەلىك داڭلىق بىر شائىر پارىژ كوچىسىدا بىر مومايىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مۇماي دۈمچەك، كىيىملىرى جۇل - جۇل، ئاقارغان چاچلىرى شامالدا توزۇپ تۇرغانىكەن. مۇمايىنىڭ قېشىغا تىكلەپ قويۇلغان تاختىغا: «مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن!» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىكەن. دېمەك، بۇ موماي ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قېلىپ تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانىكەن. شائىر يېقىن بېرىپ ئېگىلگىنىچە سوراپتۇ:

— چوڭ ئانا، بۈگۈن خېلى پۇل چۈشتىمۇ؟

مۇماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ياق... بىر تىيىنمۇ چۈشمىدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شائىر قەلىمىنى ئېلىپ تاختىدىكى ھېلىقى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا «باھار كەلدى» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن يېنىدىكى ھەممە پۇلىنى چىقىرىپ مومايغا سۇنۇپتۇ.




— بۇ پۇلغا بىر ۋاق تاماق كېلىدۇ، — دەپتۇ ئۇ.

كەچتە شائىر بۇ كوچىدىن يەنە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ياغاچ تاختىنىڭ قېشىدا توختاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پۇزۇر كېيىنىشكەن خانىملار - ئەپەندىلەردىن تارتىپ چىرايلىق ياسىنىشقان قىز - ئوغۇللارغىچە ھەممىسىلا مومايغا پۇل بېرىپ ئۆتۈۋاتقانىكەن. ھەتتا ئۇست-باشلىرى جۇل - جۇل نامراتلارمۇ پۇل تاشلىماستىن ئۆتمەيۋاتقانىكەن. بۇنى

يىراقتىن كۆرگەن شائىرنىڭ قەلبىنى ئىللىق بىر سېزىم ئوراپتۇ.

«باھار كەلدى، مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن!» ئەسلىدە شائىر ئالدىغا قوشۇپ قويغان ئاشۇ ئىككى سۆز مۇشۇنچىۋالا زور رول ئوينىغانىكەن! شۇنداق، باھار ھەقىقەتەن گۈزەل. بىراق كۆزلىرى كۆرمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ يەنىلا گۆرىستان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئىلتىجا قىلىپ تۇرغىنى نامراتلىق چاڭگىلىدا قىينىلىۋاتقان دۇمچەك موماي! شائىر قوشۇپ قويغان ئاشۇ ئىككى سۆز بۇ بەختسىز مومايىنىڭ بەختسىزلىكىنى تېخىمۇ ئېچىپ بەرگەن. ئەمما نامرات موماي ھاياتىدا باھارنىمۇ كۆرەلمىسە، كىممۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلماي تۇرالايدۇ دەيسىز؟

## «فاشىزمنى بىرلىكتە يوقىتايلى»

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى جوۋ ئېنلەي زۇڭلى جۇڭخۇەنخەيدە چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋاتاتتى. چەت ئەللىك مېھمانلار جۇڭگونىڭ تائاملىرىنى قالتىسكەن دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشماقتا ئىدى. بۇ چاغدا شىرەگە بىر شورپا كەلتۈرۈلدى. شورپىدىكى قىشلىق بامبۇك نوتىسى، موگۇ، بىجىكلەر ھەر خىل شەكىلدە توغراپ سېلىنغان بولۇپ، بەئەينى بىر سەنئەت بۇيۇمىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بىراق «万» خېتى شەكلىدە توغراپ سېلىنغان بامبۇك نوتىسى شورپىغا ئىلىنىشىپ فاشىستلارنىڭ «卐» بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مېھمانلار چۆچۈشكىنىچە جوۋ ئېنلەيدىن بۇ نېمە ئىش دەپ سورىشىدۇ.

جوۋ ئېنلەيمۇ دەسلەپتە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئاندىن بىردىنلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ تەرجىمانغا:

— بۇ فاشىزمنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى نەقىش نۇسخىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ خەتچە مەنىسى «بەخت يار بولغاي» دېگەن مەنىدە، بۇ مېھمانلارغا ياخشى تىلەك تىلىگەنلىك! — دەيدۇ. ئاندىن قىزىقارلىق قىلىپ، — ناۋادا فاشىزمنىڭ بەلگىسىگە ئوخشاپ قالغان بولسا ھېچقىسى يوق، فاشىزمنى بىرلىكتە يەپ يوقىتىۋەتسەكلا بولمىدىمۇ! — دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلۇشقا تاس قالغان سورۇن جوۋ زۇڭلىنىڭ ئاشۇ گېپى بىلەن ئوڭشىلىپ، زىياپەت تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ.

## 4. ئابىدە

قىزىل ئارمىيە قوشۇنى قار ـ مۇزلۇقلاردا جاپالىق ئىلگىرىلىمەكتە. قەھرىتان قىش يۇنجۇغشەن تېغىنى غايەت زور مۇزلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. بوران جابدۇقلىرى كەمچىل بۇ قوشۇننى يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك ئەسەبىيلەرچە ئۇشقۇيتۇپ قار توزۇتماقتا ئىدى.

گېنېرال ئېتىنى ئېغىر ياربدارلارغا بېرىۋەتكەن، جەڭچىلەرگە باش بولۇپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان قوشۇنغا يول ئېچىپ مەردانىلەرچە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئىراق ناچار شارائىت ۋە رەھىمسىزلەرچە كۈرەش ئۇلارغا دىۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. يەنە تاماق تېپىپ يېيەلمەسلىكى، سوغ ۋە قارلىق گەمىلەردە يېتىشى، كۈننگە يۈز نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈشى، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ قوشۇن بۇنچە ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ گېنېرال ئەنە شۇلارنى خىيال قىلماقتا ئىدى.

قوشۇن تۇيۇقسىز ئاستىلاپ قالدى. ئالدى تەرەپتە نۇرغۇن كىشىلەر نېمىنىدۇر ئورىۋېلىشقانىدى.

گېنېرال ماڭغاچ تووۇلىدى:

ــ توختاشقا بولمايدۇ، تېز مېڭىڭلار!

ــ ئالدى تەرەپتە بىرەيلەن توڭلاپ قاپتۇ! ــ دېدى مۇھاپىزەتچى يۈگۈرۈپ كېلىپ.

گېنېرال چۆچۈپ كەتتى ـ دە، گەپمۇ قىلماي ئالدى تەرەپكە تېز ـ تېز چامداپ كەتتى.

ياشانغان بىر ئەسكەر قاقشال دەرەخكە يۆلەنگىنىچە توڭلاپ قالغانىدى. ئۇ خۇددى ھەيكەلدەك ھەرىكەتسىز، ئۇستىبېشى قار، چىرايى تونۇغۇسىز ئىدى. لېكىن چىرايىدىن بىر خىل تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. ئوڭ قولىغا ئوتى ئۆچۈپ قالغان تاماكا قىستۇرۇقلۇق ئىدى. سول قولى بەئەينى جەڭچىلەردىن ئوت سوراۋاتقاندەك سەل ئالدىغا سوزۇلغان. يالاڭ، كونا كىيىم-

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى لى بېنشېن. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

لىرى بەدىنىگە يېپىشىپ كەتكەنىدى.

گېنېرالنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىيلەشتى، لەۋلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ شۇئان يېنىدىكىلەرگە:

— ھەربىي لازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىڭلار! نېمىشقا ئۇ-نىڭغا پاختىلىق كىيىم بەرمىگەن؟ — دېدى ۋارقىراپ.

بوراننىڭ ھۆركىرىشى ئۇنىڭ گېپىنى بېسىپ كەتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا جا-ۋاب بەرمىدى ھەم ھېچكىممۇ نېرى كەتمىدى. گېنېرالنىڭ قىزارغان كۆزلىرى غەزەپلىك يىلپىزنىڭكىدەك ئاجايىب قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ مۇھاپىزەتچى؟ دەرھال ھەربىي لازىمەت باشقارمى-سىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ كەل دەۋاتىمەن! — گېنېرالنىڭ مەڭزلىرى ھەدەپ لىپىلدايتتى.

بۇ چاغدا بىرەيلەن پەس ئاۋازدا:

— ھەربىي لازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئاشۇ شۇ... — دېدى.



گېنېرال نېمە دېيىشنى بىلەلمەي خېلىغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى. كۆزلىرى نەمدەلدى. ئېغىر بىرنى تىنىدى ــ دە، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ھەربىي لازىمەت باشقارمىسىنىڭ يۇنجۇڭشەن تېغىدا توڭلاپ قېتىپ قالغان بۇ باشلىقىغا ھەربىيچە سالام بەردى.

شامال تېخىمۇ ئەدىدى، شىۋىرغان ھۇشقۇيتماقتا ئىدى، ھەربىي لازىمەتلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بىردەمدىلا قارغا كۆمۈلۈپ، خىرۇستالدەك ھەيكەلگە ئايلىنىپ كەتتى.

گېنېرال گەپمۇ قىلماستىن چوڭ ــ چوڭ قەدەملەر بىلەن يەر ــ جاھاننى قاپلىغان شىۋىرغانلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىدىن سانسىزلىغان ئېغىر ھەم مەزمۇت قەدەملەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى. بۇ قەدەملەر ئۇنىڭغا: «غەلىبە مۇشۇنداق قوشۇنغا مەنسۇپ بولماي يەنە كىمگە مەنسۇپ بولماقچىتى؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.



# 5. قىلىچ باتۇر

بۇرۇن بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئايالى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئوتۇنچى ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا ئىكەن.

بالا ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتۇنچى ماغدۇرىدىن كېتىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالام، يوقسۇزچىلىق دەستىدىن سېنى ئوقۇتالمىدىم، يا بىرەر ھۈنەرگە بېرەلمىدىم. ساڭا مىراس قىلىپ قالدۇرغۇدەك نەرسەممۇ يوق. شۇڭا، مەندىن كېيىن قالسا قانداق كۈن ئالار دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. كونىلاردا «يۇرت باقساڭ ئۆسەرسەن، باقمىساڭ ئۆلەرسەن» دېگەن ماقال بار. قانداقلا بولسۇن، يۇرتۇڭدىن ئايرىلما، ئۇنىڭ بىر چىمدىم تۇپىسىنىمۇ تۇتىيا بىل، — دەپتۇ - دە، كۆز يۇمۇپتۇ. بالا يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن دادىسىنى يەرلىككە قويۇپتۇ.

بىر يىلى بۇ ئەلگە ياۋ باستۇرۇپ كەپتۇ. پادىشاھ يېغىدا ۋاپات بولۇپ، لەشكەرلىرى تېزىپ كېتىپتۇ، خەلق مال - مۈلكىدىن، يەر - زېمىنىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن بالىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۈچەي - باغرى كاۋاپ بوپتۇ. ئۇ ئانا يۇرتىنى قوغدىماقچى بوپتۇ - يۇ، بۇنىڭغا قۇربى يەتمەپتۇ.

بىر كۈنى چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئوغلۇم، يىلان ئۈچرىسا قامچا ئالغىن، دۈشمەن ئۈچرىسا قىلىچ ئالغىن.» ئۇ بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىلىچ ئىزدەپتۇ - يۇ، تاپالماپتۇ. شۇ كۈنلەردە دادىسى ئېيتىپ بەرگەن مۇنداق بىر ھېكايە ئېسىگە كەپتۇ: «يۇرتىمىزدىكى تاغنىڭ چوققىسىدا بىر غار بار، ئۇ يەرگە ئىنسۇجىنمۇ چىقالمايدۇ. تاغنىڭ يېنىدا كۈمۈش يىلاندەك تولغىنىپ ئاقىدىغان بىر دەريا بار. بۇرۇن بىر پادىشاھ غەربكە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋېتىپ، شۇ دەريادا ئېتىنى سۇغارغاندا، بۇ زېمىننىڭ

بۇ تېكىست «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

كۆركەم، باي، خەلقىنىڭ ئىشچان، خۇشخۇي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك قىلىچىنى ئاشۇ غاردىكى ئالتۇن قوزۇققا ئېسىپ قويغانىكەن. قىلىچنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن يۇگەنمۇ ئېسىقلىق ئىمىش. ئەگەر بۇ يۇرت بىرەر بالا ـ قازاغا دۇچار بولسا، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان بىرەر باتۇر غارغا كىرىپ ئالتۇن يۇگەننى سىلكىسە، بىر تۇلپار هازىر بولارمىش. شۇ خاسىيەتلىك قىلىچقا ئېرىشسە، ئەلنى ياۋدىن خالاس قىلارمىش.»

يىگىتنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ ـ دە، تاغقا يول ئاپتۇ. چوققىلىرى كۆككە بوي تارتقان تاغ يىگىتكە يول بەرمەپتۇ. يىگىت دەل ـ دەرەخلەرگە ئارغامچا ئېتىپ يۇرۇپ تاغقا يامىشىپتۇ، لېكىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تىرمىشىپمۇ دېگەن يېرىگە چىقالماپتۇ. ئۇ تاغنىڭ قاق بېلىدىن ئېشىپ، ئادەم ئايىغى باسمىغان بىر تاغ يولىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئەمدىلا شۇ يولغا چۇشۇپ ماڭاي دېيىشىگە، يوغان بىر يىلان ۋىشىلداپ، يىگىتنىڭ ئالدىنى



توسۇۋاپتۇ ۋە ھەيۋە قىپتۇ. يىگىت يوغان بىر تاشنى يىلانغا ئاتقانىكەن، كاللى-
سى مىجىلىپ ئۆلۈپتۇ. يىگىت بىر كۈن يول مېڭىپ ئازراق دەم ئاپتۇ، ئاندىن
يەنە بىر چوققىغا يامىشىپ چىقىپتۇ. يولۋاس، قاپلان، ئېيىقلار خىرىس قىلغان
بولسىمۇ، يىگىت ئېلىشىپ ئۇلارنى يەر چىشلىتىپتۇ. يەتتىنچى كۈنى ئۇ ھې-
لىقى غارغا ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئالتۇن قوزۇقتا بىر قىلىچ ۋە بىر
يۈگەن ئېسىقلىق تۇرغۇدەك.

يىگىت قىلىچنى بېلىگە ئېسىپتۇ، ئاندىن يۈگەننى سىلكىگەنىكەن، ئالدىدا
بىر ئاق تۇلپار پەيدا بوپتۇ. يىگىت ئاتقا مىنىپ «چۇھ» دېگەنىكەن، ھەش -
پەش دېگۈچە تاغدىن چۈشۈپ بوپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەل سۆيەر يىگىتلەرنى
توپلاپ ياۋغا ھۇجۇم قىپتۇ. خاسىيەتلىك قىلىچنىڭ كارامىتىدىن ياۋ لەشكەر-
لىرىنى يېڭىپتۇ.



خەلق يىگىتنى پادى-
شاھلىققا تەيىنلىگەن
بولسىمۇ، ئۇ ئۇنى-
ماپتۇ. ئاخىر ئۇلار
بىر ئادىل كىشىنى
پادىشاھ قىلىپ
سايلاپتۇ. شۇنىڭدىن
بېرى، بۇ يۇرت تې-
خىمۇ روناق تېپىپ-
تۇ. بۇ «قىلىچ با-
تۇر» دېگەن چۆچەك
شۇنداق قىلىپ ئې-
غىزدىن - ئېغىزغا،
قۇلاقتىن - قۇلاققا
تاراپ، زامانىمىزغى-
چە يېتىپ كەپتۇ.

# 6. كومپيۇتېر ۋە كۆپ خىل ۋاستە

ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى شىمىس مۇزېيىدا دۇنيادىكى تۇنجى كومپيۇتېر ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ دەل 1946 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن «ئەنياك» تۇر. «ئەنياك» ئىجاد قىلىنىپ ھازىرغىچە بولغان 70 يىل مابەينىدە كومپيۇتېر مۆجىزىلەرچە نەچچە ئەۋلاد يېڭىلاندى. ھازىر زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ كومپيۇتېردىن ئىبارەت بۇ «ئەركىسى» ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورالغا ئايلاندى.

كومپيۇتېر دەسلەپ بارلىققا كەلگەندە كىشىلەر ئۇنى مۇرەككەپرەك سانلارنى ھېسابلاشقا ئىشلەتكەنىدى. ھازىر ئۇ سان ھېسابلاشتىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. ئالىملار كومپيۇتېرنى ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاش سىرتتىن قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلارغا تېز ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان قىلدى. شۇڭلاشقا كومپيۇتېرنىڭ «توكلۇق مېڭە» دېگەن نامىمۇ بار.

ئىلگىرى ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇللىرى ئاددىيراق ئىدى. مەسىلەن، تېلېفوندا پەقەت ئاۋازلا، تېلېگراممىدا پەقەت خەتلا يەتكۈزۈلەتتى. ھازىر بولسا خەت، ئاۋاز، سىن، سۈرەت قاتارلىق ھەر خىل ئۇچۇرلار ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىر ـ ئىككىلا خىل ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋاستىسى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالماس بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا كىشىلەر تېلېۋىزور، رادىيو، تېلېفون، تېلېگرامما يەتكۈزگۈچىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان «ھەممىگە قادىر» بىرەر ئۈسكۈنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى دەل شۇ كۆپ خىل ۋاستىلىك كومپيۇتېر كىشىلەرنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالايدىغان بولدى.

ئۇنداقتا كۆپ خىل ۋاستە دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئادەمنىڭ قۇلىقى ئاۋاز ئۇچۇرلىرىنى، كۆزى سىن ـ سۈرەت ئۇچۇرلىرىنى، بۇرۇنى پۇراققا ئائىت ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى جاۋ مىڭ. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

بولسا چوڭ مېڭىنىڭ ئىشى. شۇڭلاشقا ئادەمنى كۆپ خىل ۋاستىلىك ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ «قوماندانلىق ئىشتابى» دەل چوڭ مېڭىدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك، كۆپ ۋاستىلىك ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قۇرۇشتا، سىستېما ئىچىگە بىر «قوماندانلىق ئىشتابى» لايىھەلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ «قوماندانلىق ئىشتابى» دەل «كومپيۇتېر مېڭىسى»دۇر.

هازىر كۆپ خىل ۋاستىلىك كومپيۇتېرلار ئائىلىلەردىمۇ بار بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭدا تېلېۋىزور كۆرەلەيدۇ، رادىيو تىڭشىيالايدۇ، تېلېفون بېرەلەيدۇ، تېلېگرامما يوللىيالايدۇ، CD، VCD پىلاستىنكىلىرىنى قويالايدۇ، كارا OK ناخشىلىرىنى ئېيتالايدۇ... ناۋادا كۆپ خىل ۋاستىلىك كومپيۇتېرىڭىز پۈتكۈل يەر شارىغا ئۇلانغان «ئىنتېرنېت تورى»غا ئۇلاقلىق بولسا، ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپلا دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيسىز. «ئاقىل ئۆيدە تۇرۇپ جاھاننى بىلىپ تۇرار» دېگىنى دەل شۇ بولسا كېرەك.

كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ھەر ئون يىلدا دېگۈدەك يېڭى بىر ئەۋلاد كومپيۇتېر بارلىققا كەلمەكتە. شۇڭلاشقا بەزىلەر، سىز ئۆتكەن ئەللىك مىڭ يىللىق تارىخنى بىلەلىگەن بىلەن، كەلگۈسى بەش يۈز يىلدا بولىدىغان ئىشلارنى بىلەلمەيسىز، دېيىشمەكتە. كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى بەش يۈز يىلدا ئەمەس، ئەللىك يىلدا قانداق بولىدۇ، بۇنىڭغىمۇ بىر نېمە دېمەك تەس. لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كومپيۇتېر بارغانچە «ئەقىللىك» بولۇپ كېتىدۇ.



## 7. بىزنىڭ نوچى

بىزنىڭ ئۆيدە بىر نوچى بار، ئۇ بولسىمۇ ھەدەمنىڭ ئوغلى. ھەدەم ئۇنى تۇغۇپلا بىزنىڭ بېقىشىمىزغا قالدۇرۇپ، يېزىنەم بىلەن ئەنخۇيغا كەتكەنىدى.

### ئۇ ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەنلا دەيدۇ

قايسى چاغلاردىن تارتىپكىن، ئىككىمىز بىللە سىرتقا چىقساق ئۇ بودرۇق قىنە قولىنى ماڭا تۇتقۇزماس، تۇتۇۋالسامۇ سىلكىپ ئاجرىتىۋالىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا نەرسە ئېلىپ بېرەي دەپ ئاپارغاندىم، ئۆزۈم ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئون تىيىن بەرگەنىدىم، پۇلنى ئېلىپ پوكەيگە ماڭدى ـ يۇ، يېتىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— پۇلنى بېرىۋەر، ئالىدىغان نەرسەڭنى مەن دەپ بېرىمەن، — دېدىم مەن.

— ياق، ياق، ئۆزۈم دەيمەن، — دېدى ئۇ. ئاندىن پوكەي ئالدىغا بېرىپ ماڭا، — سەن گەپ قىلما جۇمۇ! — دەپ ئەسكەرتتى.

مال ساتقۇچى ئاخىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ سەل جىددىيلەشكەن بولسىمۇ، غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا، ماڭا...

ئۇ نېمە ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن چىداپ تۇرالماي:

— دولانا قېقى، — دېدىم. شۇ سەۋەبتىن ئۇ خېلىغىچە دومسىيىپ دولانا قېقىنى يېيىش بىلەنلا بولدى. مەن سەل پۇشايمان قىلىپمۇ قالدىم.

يەنە بىر كۈنى ئۇ بەش تال گازلىق سۇ بوتۇلكىسى بىلەن بىر سوم پۇلنى ئاپىرىپ، ئاپېلسىن سۈيىگە تېگىشمەكچى بولدى. بۇنى چوقۇم ئۆزۈم قىلىمەن دېدى. خاتىرجەم بولالماي ئارقىسىدىن ماڭسام، توختاپ:

— كەت، ماڭ! — دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەردىم.

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ۋاڭ ئەنيى. ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

ئۇ گازلىق سۇ سېتىۋېلىشقا بارغانچە ئۇستا بولۇپ كەتتى.

پېژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۈنىڭ دۇكاندا گازلىق سۇ ئالغىلى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. توڭلاتقۇغا بويى ئارانلا يېتىۋاتاتتى. مال ساتقۇچى باشقا خېرىدارلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ-نىڭغا چولىسى تەگمىگەنىدى. ئۇ چىپ - چىپ تەرلىگىنىچە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. شۇئان دۇكانغا بېرىپ، مال ساتقۇچىغا گەپ قىلماقچى بولدۇم - يۇ، يەنە توختاپ قالدىم.

## ئۈنىڭ يىغلىشى

«ئۇ يىغلىسا، ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈپلا كېتىدىكەن» دېگەنىدى بىر دوختۇر ئۈنى كۆرۈپ. كۆز ياشلىرى ھەر قېتىم غىلغىپ چىققاندا ئۇ چە-داپ، ياشلىرىنى چىقارماي تۇرۇۋالاتتى. يەيمەن دېگىنىنى ئالالماسلىق، دې-گىنىگە ماقۇل كەلتۈرەلمەسلىك، بىرەر يەرگە سوقۇلۇپ كېتىش دېگەندەك كىچىك ئىشلارغا ئەزەلدىن يىغلاپ يۈرمەيتتى. ئوكۇل ئۇرغانغىمۇ بۇرۇنلا يىغلىمايدىغان بولغان. تاياق يېگەن چاغلىرىدىمۇ: «ئاغرىمىدى، ئاغرىمىدى» دەپ يىغلاشنىڭ ئورنىغا قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتى. لېكىن ئاقىۋەتتە ئىككى تېمىم ياش مەڭزىنى بويلاپ دۇمىلاپ چۈشەتتى. كېيىنچە ئۇ دادا - ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرغىلى ئەنخۇيغا كەتتى. بىر قېتىم ئۈنىڭغا خەت يې-زىپ، خەتكە «ھۇ سېسىق!» دېگەننى قوشۇپ قويدۇم. بۇ ئۇ شاڭخەيدىكى چاغدا ئۈنىڭغا دائىم دەيدىغان گېپىم ئىدى. ئۇششاق ھەرىكەتتى جىق بول-غاچقا، قىش - ياز بەدىنىدىن ئاچچىق تەرنىڭ ھىدى كەتمەيتتى. دادىسىنىڭ خەت يېزىپ دېيىشىچە، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاۋۋال قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ-تۇ، ئاندىن يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ چىقىپتۇ. ئۇ يېنىپ ھەرپىدە ماڭا: «ۋاڭ ئەنيى، سەن بەك ئەسكى!» دەپ جاۋاب قايتۇردى. بۇمۇ ئۈنىڭ شاڭخەي-دىكى چېغىدا دائىم ماڭا دەيدىغان گېپى ئىدى.

## ئۇ ئېغىر - بېسىق ئىدى

ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنى يەسلىگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدۇق. يەسلىگە ئاپارغان ئەتىگىنى ئۇ ئەتراپقا جىمجىت قاراپ كەتتى. باشقا بالىلارنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن يىغلاش ئېسىگە كەلدى. يىغىسى جاراڭلىق بولسىمۇ، لېكىن ئازابلىق ئەمەس، خۇددى بىرەر مۇراسىمغا قاتنىشىۋاتقاندەكلا ئىدى. ئۇنى يەسلىگە ئاپىرىش بەك ئاسان ئىدى، بىز ھەددە - سىڭىللارنىڭ كىچىك چاغلىرىمىزدىكىدەك «بارمايمەن!» دەپ غەلۋە قىلىپ يىغلاپ تۇرۇۋالمايتتى. ئۇنىڭدىن: «سەن يەسلىگە ئامراقمۇ؟» دەپ سورىساق، «ياق» دەيتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئورۇنسىز جېدەل قىلىپ تۇرۇۋالمايتتى. مۇئەللىمىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تاماقنى ئوبدان يەيدىكەن، ئوبدان ئۇخلايدىكەن، ناخشىنىمۇ بەلەن ئېيتىدىكەن. بىرلا بولمايدىغان يېرى، ئۆزىنى تازا ئەركىن تۇتالمايدىكەن. لېكىن ئۇزاققا بارمايلا ئۇ دوستلار بىلەن تونۇشۇپ، تېخى ئورۇشىدىغان قىلىقمۇ چىقىرىۋالدى. شۇڭلاشقا ھەر قېتىم ئۇنى ئالغىلى بارغاندا مۇئەللىم بىزگە بىرمۇنچە دادلاپ بېرىدىغان بولدى.

ئۇ تۆت ياشقا كىرگەن يىلى باققۇچىسى ئاغرىپ قېلىپ يېزىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاخىر ئەنخۇيغا قايتىدىغان بولدى. لېكىن ئۇنىڭ زادىلا بۇ يەردىن كەتكۈسى يوق ئىدى. شۇڭا ماڭىدىغان كۈنى مومىسىغا: «موما، مېنى باقمىغاندىكىن تاشلىۋېتىڭلار» دېگەنىدى. مومىسى مۇشۇ گېپى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ قالغىلى قىل قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا شاڭخەيدىن خېفېيغا كۈندە بىر قېتىملا پويىز قاتنايدىغانلىقتىن، ئادەم بەك كۆپ ئىدى. ئىشىك يۈك - تاقلار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، چوڭلار ئاۋۋال قىستىلىپ كىرىپ، ئۇنى سىرتتا تۇرغۇزۇپ قويدۇق. ئۇ جىددىيلەشكىنىدىن:

— مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

— چىقالمىغاندىكىن قېپقالساڭ بولىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ، قېپقېلىشتىن قورقۇپ جىددىيلەشمەكتە ئىدى.

— ئۇنى دېرىزىدىن كىرگۈزۈۋەت! — دېدى ھەددەم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قۇ-

چاقلاپ كۆتۈردۈم، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئېسىلىپ ئاخىر دېرىزىدىن كىرىپ كەتتى. دېرىزە تۈۋىدىكى ئىككى يولۇچى ئۇنى قۇچاقلاپ چۈشۈرۈۋالماقچى بولغانىدى، قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزى چۈشتى ھەم قىستا - قىستاڭ كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

مانا بۇ بىزنىڭ نوچى. ئۇ چوڭ بولماقتا، كۈچ - قۇۋۋىتى، ئەقىل - پاراسىتى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارماقتا. يۈزى، ئالىقىنىدىكى ئىنچىكە ئىزلار، ئوغۇللارغا خاس مىجەز - خاراكتېرى بارا - بارا روشەنلەشمەكتە. بۇلار بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور خۇشاللىق!



## 8. ۋەتەن سۆيگۈسى

ئانا جانىم سۆيۈملۈك ۋەتەن،
سۆيگۈ ـ مېھرىڭ قەلبىمدە پەۋەس.
بولغاچقا سەن ماڭا باشپاناھ،
قەددىم تاغدەك تۇرار زەبەردەس.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئوتلۇق ئەي گۈزەل ماكان.

ئېپار ھىدى چاچار دىماققا،
مېۋە كانى، گۈزەل باغلىرىڭ.
غۇرۇرۇمغا قوشىدۇ غۇرۇر،
مەرد ئوغلاندەك مەغرۇر تاغلىرىڭ.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئوتلۇق ئەي گۈزەل ماكان.

يۇمشاققىنا مەيىن شاماللىڭ،
ۋۇجۇدۇمغا بېغىشلار لەززەت.
سەندىن ئالغان ئاددىي نەپەسمۇ،
ئاتا قىلار جىسمىمغا قۇدرەت.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئوتلۇق ئەي گۈزەل ماكان.

دەريالىرىڭ شارقىراپ تىنماي،
تارىخىڭدىن سۆزلەيدۇ قىسسە.
بېشىم كۆككە تاقاشماس نېچۈن،
ھەر دەقىقەڭ مەردلىكتە ئۆتسە؟!

---

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ياسىن ئىسمايىل ئەلتىرەش.

بەختىم ئۇچۇن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئوتلۇق ئەي گۈزەل ماكان.

پەخىرلىنىپ ياشايمەن شۇڭا،
نامىڭ بىلەن ئەي ئەزىز ۋەتەن.
ھاياتتىكى شادلىق، غەم ـ قايغۇ،
تەقدىر داشتۇر قىسمىتىڭ بىلەن.
بەختىم ئۇچۇن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئوتلۇق ئەي گۈزەل ماكان.

يۈرىكىمدە ئويغىتار سۆيگۈ،
قۇچىقىڭدا ئۆتكەن ھەر مىنۇت.
ساڭا پەرزەنت بولۇپ ئۆتكىنىم،
مېنىڭ ئۈچۈن پۈتمەس ئامەت ـ قۇت.
بەختىم ئۇچۇن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئوتلۇق ئەي گۈزەل ماكان.



# سۆزلەرگە ئىزاھات

## 1. توغراق

**توغراق** — ① تال ۋە تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. تارىم ۋادىسىغا كەڭ تارقالغان؛ ② غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**توغرىغا** — خېمىرنى كۆپتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاتما. توغراقتىن ئېلىنىدۇ.

**جىلۋە** — ① گۈزەل، نازاكەتلىك ھەرىكەت؛ ② رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىش، كۆر-كەم كۆرۈنۈش.

## 2. تاڭبالى يايلىقى

**كىرىچ** — پاختا ئېتىش دۈكىنى، ئوقيا، يىپ ئېگىرىدىغان چاق قاتارلىقلارغا تارتىلىدىغان ئۆچكە تېرىسىدىن تورلانغان شوينا، زەي؛ ② تەك نو-تىلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىپ يەنە شۇ نوتىلارغا يۆگىشىۋالىدىغان سىلىق يىپسى-مان نەرسە.

**سىمفونىيە** — ① ئوركېستىر ئورۇنلايدىغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئەسى-رى؛ ② تۈرلۈك - تۈمەن ئاۋۇش، رەڭ، ئاھاڭ قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلمىسى.

**كائىنات** — يەر شارى ۋە باشقا بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز بوشلۇق؛ ئالەم.

## 3. يىپەك يولى

**كارۋان** — ئات - ئۇلاغ، ھارۋىلار بىلەن بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۈك توشۇغۇچىلار توپى.

**كولدۇرما** — تۆگە، ئات، ئېشەك قاتارلىقلارغا ئاسىدىغان، تۈچتىن ياسىلى-دىغان قوڭغۇراق.

**مىلادىيە** — خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كالېندار.

**سەركەردە** — ① لەشكەر بېشى، قوماندان؛ ② يولباشچى، باشلىق.

**ئارساك پادىشاھى** — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي دۆلەت.

**قەد كۆتۈرۈش** — ① بوي سوزماق، ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك؛ ② يۇكسەلمەك، ئۇچشالماق، تەرەققىي قىلماق؛ ③ پەيدا بولماق، بىنا بولماق؛ قۇرۇلماق.

**چەۋەنداز** — ① ئات مىنىش، ئات چاپتۇرۇشقا ماھىر، ئات ئۇستىدە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئادەم؛ ② يېتىشكەن، چاققان؛ ماھىر، ئۇستا.

**ئوركېستىر** — مۇزىكا ئەسەرلىرىنى بىرلىكتە ئىجرا قىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى يىغىندىسى ۋە شۇ ئەسۋابلارنى چالىدىغان مۇزىكىچىلار كوللېكتىپى.

**تەمتىكى** — ① مۇھىم يارلىق، ۋەسىقىلەر پۈتۈلگەن قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بىر خىلى؛ ② ۋاكالىق تۈزۈمىدە ۋاكىنىڭ دورغىغا بەرگەن ھوقۇق يۈرگۈزۈش تامغىسى؛ ③ مەلۇم يارلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھەر خىل تاختا.

## 5. ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولماس زور كىتاب

**خازان** — دەل - دەرەخلەرنىڭ كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياكى تۆكۈلۈشكە باشلىغان يوپۇرماقلىرى ۋە قوغۇن - تاۋۇز خىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پىلەكلىرى.

**بارىكاللا** — بىرەر سۆز، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا، بېجىرىلگەنلىكىگە ئېيتىلغان رەھمەت، تەشەككۈر.

**پالما** — پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ.

**بامبۇك** — باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدۇ.

## 6. بالىلىقتىكى بايقاش

**بايقاش** — ① كۆرمەك، كۆزەتمەك؛ ②ھېس قىلماق؛ ئاڭقارماق؛ سەزمەك؛ بىلمەك؛ ③ ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق، دىققەت قىلماق؛ ئويلىماق.

**غەلىتە** — كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ، ئۆزگىچە، باشقىچە.

**ھۆجەيرە** — كىلېتكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جانلىقلارنىڭ تېنىنى ھاسىل قىلغۇچى ۋە فۇنكسىيە ئېلىپ بارغۇچى ئاساسىي بىرلىك. ئۇ ناھايىتى كىچىك بولۇپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. شەكلى ھەر خىل بولىدۇ.

**كەشپىيات** — تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن،

يارىتىلغان نەرسە، ئىختىرا، ئىجادىيەت.

## 7. ئوغۇل بالا

**ئارىشاڭ** — ئۆچكەن يانار تاغلار ئورنىدا ھاسىل بولغان ياكى يەر ئاستىدىكى مىنېراللارنىڭ ئىسسىقلىق چىقىرىشىدىن ھاسىل بولغان، تېمپېراتۇرىسى شۇ يەردىكى مۆھىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولغان بۇلاق سۈيى ياكى ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئورۇن.

**گۇلخان** — ئىسسىنىش ياكى يورۇتۇش، بەلگە بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئوتۇن سېلىپ ئوچۇقچىلىقتا قالانغان ئوت.

**قاۋان** — ياۋا توڭگۇزنىڭ ئەركىكى.

## 8. بوۋامنىڭ كۆكتاتلىقى

**ئامبال** — ① چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇللاردا تۇرغۇز-غان ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىرلىرى؛ ② ناھىيەنىڭ باشلىقى، ھاكىم؛ ③ئەمەل-دار، مەنسەپدار.

**پاشاپ** — پاشاپلار مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلايدىغان خىزمەت، ۋەزىپە.

**ۋاڭ** — ① بىرەر نەرسىنىڭ ئېتىلىشى، يېرىلىشى، پارتلىشى ۋە تۇيۇقسىز تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز؛ ② ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى يۇقىرى مەنسەپ نامى ۋە شۇ مەنسەپكە ئىگە بولغان كىشى.

**لەببەي** — ماقۇل كەلمەك، قۇللۇق بىلەن خوش - خوش دېيىش.

**باققال** — قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بىلەن تىجارەت قىلغۇچى.

## 10. تېلېفون بېرىش

**گالۋاڭ** — ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، زېھنى قابىلىيىتى ئاجىز، ئەقىل-سىز، دۆت، كومشا.

**دىراما** — ئاپتور تىلى ئارىلاشتۇرۇلماي، دىيالوگ شەكلىدە يېزىلغان سەھنە ئەسىرى، ئوپېرا.

## 11. يېرىم شام

**بەدەل تۆلەش** — ① بىرەر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ھەق، بىرەر نەرسە-

نىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىر نەرسە؛ ② بىرەر تەشكىلات ياكى پارتىيە ـ گورۇھ ئەزالىرى قەرەللىك تۆلەپ تۇرىدىغان پۇل.

**جىنچىراغ** — ئىچىگە سۇ يېغى ياكى كىرسىن قۇيۇپ، پاختىدىن ئىشلەنگەن پىلىكنى سېلىپ ياندۇرىدىغان شىشىسىز چىراغ، قارا چىراغ.

**قازناق** — نەرسە ـ كېرەك ساقلىنىدىغان ئىچكىرىكى كىچىك ئۆي، خانا.

**قوماندان** — ① چوڭ ھەربىي قىسىم ياكى قوشۇننىڭ باشلىقى؛ ② ئومۇمەن ھەر قانداق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنىڭ باش يېتەكچىسى، كوماندىر.

**پەرىشتە** — ياخشى خۇلق ـ مىجەز، ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان ۋە گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكۈچى.

## 13. ئاتا مېھرى

**بىپايان** — پايانسىز.

**شىكەستىلەنگەن** — ① جاراھەتلەنگەن، سۇنۇق، قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك؛ ② غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ھەسرەت، ئەلەم.

## 14. ئارزۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى

**دوللار** — ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، باھاما، سىنگاپور، سومالى، ئوگاندا، كېنىيە، كانادا، لىبېرىيە، ناۋرۇ، يامايكا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**ئىنژېنېر** — تېخنىك خادىملارغا بېرىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ياكى تېخنىكىنىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان مۇتەخەسسىس.

## 15. كۆۋرۈك

**ساراسىمە** — نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇققان، تەمتىرىگەن، گاڭگىرىغان ھالەت.

**قاپلان** — يىلپىز.

**تەزىيە** — بىر كىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم.

## 17. ئىككى ھېكايەت

**غۇربەت** — ① يوقسۇزلۇق، كەمبەغەللىك، نامراتلىق؛ ② مۇساپىرلىق،

غىربىلىق.

**ئاشىيان** — ① بىراۋنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالغان، مۇھەببەت قويغان كىشى؛ ② بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى.

**شەفىق** — شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك.

**ناۋا** — ① كۈي، ئاھاڭ، مېلودىيە؛ ناۋا قىلماق؛ ② ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئونىنچىسىنىڭ نامى؛ ③ قۇرۇلۇشتا ياغاچ، خىش، لاي ياكى گەجدىن پېتىنغۇ قىلىپ ياسالغان شەكىل.

**خارابىلىك** — خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن يەر، خارابە قالدۇقلىرى، ئىزلىرى بار جاي.

**مەئىنۇس** — ئۆگىنىلگەن، كۆنگەن، ئۇلپەت.

**بىگانە** — يات كىشى، ناتونۇش.

**خۇشراق** — ياخشى، ماقۇل، چىرايلىق، يېقىملىق، شاد، خۇرسەن؛ خۇشال.

**مۇرەسسەئى** — قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن.

**نىھالىكى** — كۆچەت، نوتا، ياشلىق، ياش.

**بىنىياز** — بىھاجەت، ئېھتىياجسىز.

**نېۋەسىق** — تەرىپلەشكە، سۈپەتلەشكە، ماختاشقا ئەرزىمەيدىغان.

## 18. باۋگۇڭنىڭ ئېشەكنى سوتلىشى

**ئەرز** — ئەرز سۇنۇش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئىشلىرى.

**غەلىتە** — كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئاجايىپ، ئۆزگىچە، باشقىچە.

**يايىلىرى** — كونا جەمئىيەتتە بەگ، ھاكىملارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى جا- كارلايدىغان، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان كىشى.

**مۇلازىم** — خىزمەتچى، خادىم.

## 19. مەڭگەنلىك كىمدە يا ئوقى يىغىش

**لەشكەر** — قوراللىق قىسىم، ئارمىيە، ئەسكەر.

**كاناپ رەخت** — ① كەندىر؛ ② كەندىر پوستىدىن ئېشىلگەن يىپتىن توقۇل- غان رەخت.

**چېدىر** — كىگىز، رەخت ياكى كاناپ قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي.

**مەڭگەن** ــ بوغداينىڭ باشقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىنكى قالغان غول قىسمى.
**بارگاھ** ــ ھەربىي قوشۇن، پادىشاھ، خان، ۋالىي، بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار-نىڭ تۇرار جايى.
**شاراب** ــ يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن، گىرادۇسى تۆۋەن ياكى ناھايىتى ئا-جىز بىر خىل ھاراق، مەي.
**پاراسەت** ــ تېز ۋە توغرا چۈشىنىش، توغرا پەرق ئېتىش قابىلىيىتى؛ ئىد-راك، ئەقىل، دىت.

## 21. پېرسوناژلار تەسۋىرى

**رەقىب** ــ ① رىقابەتلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان مۇسابىقە ئويۇنلىرى، تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىكى قارىمۇقارشى تەرەپ، ئۆزئارا رىقابەتلەشكۈچى (بىر - بىرىگە نىسبەتەن)؛ ② دۈشمەن، ياۋ؛ ③ ئەر-لەرنىڭ ئىسمى.
**بازغىنىش** ــ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يات ئادەملەردەك ماي تارتىشىپ قارىشىش.

## 22. موزدوز قىز

**بەخىرامان** ــ غەم - ئەندىشىسىز، خاتىرجەم، بىمالال، بىخۇدۇك.
**ئوڭايسىزلىنىپ** ــ ئوڭايسىزلانغان، بىئەپ ھالەت، خىجالەتچىلىك.
**گۆرۈ** ــ قورۇ - جاي، قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ۋاقىتىنچە ئۆتكۈزۈپ تۇ-رۇش بەدىلىگە چەكلىك مۇددەت بىلەن ئۆسۈمى بار پۇل ئېلىش؛ رەنە، گۆرۈگە قويماق.
**سەمىمىيەت** ــ سەمىمىيلىك، سادىقلىق، ساداقەتلىك، ساداقەت.

## 23. پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى

**تەنبىھ** ــ ناچار، يامان سۆز - ھەرىكەتلەر ئۈچۈن بېرىلگەن تەنقىد، دەككە، كايىش، ئاگاھلاندۇرۇش ياكى يېنىك جازا.
**لاۋا** ــ يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان قىزىق ماگما. سوۋۇغاندىن كېيىن تاغ جىنسىغا ئايلىنىدۇ. يەر يۈزىدە كۆپ خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ.
**يالاڭتۆش** ــ ئارانلا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان؛ كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل.

**موتىۋەر** — خەلق ئىچىدە يۈز - ئابرۇيى بار، ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.
**سىپتا** — ① نېپىز، قېلىن ئەمەس، يۇپقا؛ ② سىلىق، چىرايلىق.
**كىنەز** — ① فېئودال كىنەزلىك ھاكىمىيىتىدىكى ئەسكەر باشلىقى ۋە ۋىلا-يەت ھاكىمى؛ ② فېئودال كىنەزلىك ھاكىمىيىتىدە مىراس تەرىقىسىدە بېرى-لىدىغان پەخرىي ئۇنۋان ھەمدە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان كىشى.
**ئېۋەن** — كەم جاي، كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب.
**ھايالشىماي** — ھايال بولماي، ھايال قالماي، كېچىكمەي.
**مىليونېر** — مىليون بىلەن ھېسابلانغان بايلىققا ئىگە كىشى.
**مۇسىبەت كىيىمى** — ئۆلۈم - يېتىمدا كىيىلىدىغان قارىلىق كىيىم.
**قەرەلسىز** — ۋاقىت چېكى بەلگىلەنمىگەن؛ بېكىتىلگەن ۋاقىت چېكى يوق، مۇددەتسىز.

## 25. باشقىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن گۈل بېقىش

**تەبەسسۇم** — قۇتلۇقلاش، مۇبارەكلەش، تەبرىك خەت، تەبرىك سۆز.
**ھېكمەت** — ① ھەددىدىن زىيادە دانا سۆز؛ ئەقىل - ئىدراك؛ ② بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن، چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر، مۆجىزە؛ ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

## 26. پىللار بىلەن ئۇسسۇل ئوينىاش

**تەمكىن** — ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئېغىر - بېسىق، پۇختا.
**گۆھەر** — ① قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى؛ ② سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، قىممەتلىك، بىباھا، ئەزىز؛ ③ قارىچۇق، كۆز گۆھىرى؛ ④ ئا-ياللارنىڭ ئىسمى.
**قەلئە** — دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېپىل ۋە خەندەكلەر بىلەن ئورالغان قورغان، شەھەر.
**قورغان** — دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىس-تىھكام، سېپىللار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن جاي، شەھەر، قەلئە ۋە شۇ قاتار-لىقلار؛ ② قەلئە، شەھەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەھكەم دىۋار، تام، سېپىل؛ ③ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**ئەجەبلىنەرلىك** ــ ھەيران، تاڭ قالارلىق.
**تەمبەل** ــ ئۇستىخانلىق، بەستلىك.
**كالانپاي** ــ قوپال، يوغان، كېلەڭسىز، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان.
**مەستخۇش** ــ ① خۇشخۇي مەست، سەل مەست، چالا مەست، مەستكە ئوخ-شاش؛ ② ھەلەك، ئاۋارە.

## 27. ۋېنتسىيەدىكى قېيىقلار

**قېيىق** ــ ① قېيىپ تىكىلگەن تىكىچ؛ ② قېيىپ قالغان، قايغان؛ ③ دې-ڭىزغا يېقىن سۇ يۈزى ياكى كۆل ـ دەريالاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كېمە. پالاق بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەتتە ئۈچ ـ تۆت ئادەملا سىغىدۇ. ھەربىي ئىشلار-دا ئىشلىتىلىدىغىنى كەڭرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئون ئەتراپىدا ئادەم سىغىدۇ.
**ئالا چەكمەن** ــ ئالدىراشلىق، ھەيرانلىق ياكى خاپىلىقتىن چىرايى ئۆزگەر-گەن، كۆزلىرى چوڭ ـ كىچىك ئېچىلغان.
**پىرىستان** ــ پاراخوت توختايدىغان جاي؛ پورت.